بۈگۈنكى شىنجاڭ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى دەۋردە تۇرماقتا. 1985- يىلى، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 12 مىليارت 390 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949- يىلدىكىدىن 16.2 ھەسسە كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي قىممىتى 7 مىليارت 290 مىليون يۈەن كېڭەيتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 79.2 ھەسسە كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارت 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ 1949 - يىلدىكىدىن 7.1 ھەسسە كۆپەيدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1949- يىلدىكى 12.6% دىن، 1985 - يىلدىكى 58.8% گە كۆپەيدى. بۇرۇنقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساسى تەركىپ قىلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلما، سانائەت يېزا ئىگىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن نىسبەتلىرى ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىدىغان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا ئايلاندى. ھازىر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات مىقدارى ھەسسىلەپ ئارتماقتا، 1985- يىلىنى 1949- يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، ئاشلىق 4.86 ھەسسە، پاختا 36 ھەسسە، مايلىق دان زىرائەتلىرى 10.9 ھەسسە، چارۋىلارنىڭ تۇياق سانى 1.9 ھەسسە، گۆش مەھسۇلاتى 2.6 ھەسسە ئارتىپ، ئاشلىق، پاختا، مايلىق دان ۋە شېكەر قاتارلىقلار بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىپ پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك، مۇقىم راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىلدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان 1949 - يىلدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، ئەمەلىيەتتە ئاساسلىقى قول سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىن ئىبارەت. زامانىۋى سانائەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا يوقتىن بارلىققا كېلىپ تەرەققىي قىلدى. ھازىر شىنجاڭدا چوڭ كىچىك كارخانىلاردىن 500 نەچچىسى بار، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتى ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى 10 نەچچە خىلدىن ھازىرقى 2000 نەچچە خىلغا كۆپىيىپ بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت ئۆز ئارا ماسلىشىپ راۋاجلانغان سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، بۇ جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدە، شىنجاڭدا ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئاران 9 ى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن 1335 ى بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 207 مىڭ نەپەرلا ئىدى. ھازىر ئاپتونوم رايوندا باشلانغۇچ مەكتەپ جەمئىي 8253 گە يەتتى. 1984 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىر مىليون 550 مىڭدىن ئېشىپ، 1955 - يىلىدىكىدىن 4 ھەسسە، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىدىن 9 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىر مىليون 90 مىڭ نەپەر بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 55.9% تىنى ئىگىلىدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدىكى 19.8% تىن ھازىرقى 94.2% كە كۆپەيدى. ھازىر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2143 كە يەتتى. بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 906 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، 1955 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 30 ھەسسە، ئازاتلىقنىڭ دەسلىۋىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 309 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 284 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، مەكتەپتىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ 31.3% تىنى ئىگىلەيدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ كەسپىي تېخنىكا مائارىپىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە راۋاجلاندى. 1984 - يىلدىكى ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن 82 سى بار. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ يېزا ئىگىلىك كەسپىي سىنىپلاردىن 583 نى تەسىس قىلدى. يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە 36 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. ئۇلار بىلەن ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى 1.5:3 گە توغرا كېلىدۇ. بۇلارغا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ۋە تېخنىك ئىشچى مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىغا قوشقاندا بۇ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 30.4% تىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى يەككە ھالەت ئۆزگەرتىلدى.

ئازاتلىقتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 2 مىليون 578 مىڭغا يەتتى.

ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان چاغدا، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئازاتلىقنىڭ

ەسلەۋىدە 1 دىن 3 كە كۆپەيگەنىدى. 1984- يىلىغا كەلگەندە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سانى 13 كە يەتتى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 19 مىڭ نەپەرگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 8 ھەسسە، ئازاتلىقنىڭ دەسلەۋىدىكىدىن 51 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 11 مىڭ نەپەر بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 57% تىنى ئىگىلىدى.

1949 - يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 42 مىڭ نەپەرگە يەتتى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومدىن 100 ى بار. بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 28 مىڭ نەپەر بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 4 ھەسسە، ئازاتلىقنىڭ دەسلەۋىدىكىدىن 13.3 ھەسسە ئاشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 15 مىڭ نەپەر بولۇپ، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 54.5% تىنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر خىل تىپتىكى چوڭلار ئوقۇيدىغان مەكتەپلەردىن 33 ى بولۇپ، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 20 مىڭدىن ئارتۇق. چوڭلارنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلىرىدىن 86 سى بولۇپ، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 15 مىڭدىن ئاشىدۇ. ھازىر ئاپتونوم رايوندا جەمئىي 835 بالىلار باغچىسى بار. بۇنىڭدىكى بالىلارنىڭ سانى 76 مىڭدىن كۆپرەك. بۇلاردىن باشقا يەنە، ئەما، گاس، گاچىلار مەكتىپىدىن 3 بار. بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇيدىغان مەكتەپتىن بىرسى بار.

1949 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلىقلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 90% تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلاتتى. ئازاتلىقتىن كېيىن ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ھەرىكىتى يولغا قويۇلۇپ، 1964 - يىلىغا كەلگەندە چوڭلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ سانى نىسبىتى 46% كە چۈشتى. 1976 - يىلىغا كەلگەندە 35% كە، 1984- يىلىغا كەلگەندە 18.6% كە چۈشتى. ھازىر ئاپتونوم رايونى بويىچە 10 ناھىيە، 177 يېزا، 2083 كەنتتە ساۋاتسىزلىق پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. ھازىر ئاپتونوم رايوندا ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى بارلىققا كەلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بالىلار باغچىلىرىدا، جەمئىي 226 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئوقۇتقۇچىلار مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سانى 79 مىڭ نەپەردىن ئارتۇق. ئوقۇتقۇچىلاردىن كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقانلارغا ئىلمىي ئۇنۋان بېرىلدى. 1984 - يىلى ئالىي مەكتەپلەردىكى 5109 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىچىدە، پروفېسسورلار 36 غا، دوتسېنتلار 275 كە يەتتى.

ئاپتونوم رايوندا ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپتىن 4 ى، مائارىپ ئىنىستىتۇتى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنىستىتۇتلىرىدىن 10 ى ۋە ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىدىن 77 سى بار.

30 يىلدىن بۇيان، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مائارىپ خىراجىتىنىمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيەسىدىن مائارىپ ئىشلىرىغا بېرىلگەن خىراجەت يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.8% ئېشىپ باردى. 1978 - يىلدىن بۇيان بۇ خىراجەتنىڭ يىللىق ئۆسۈش نىسبىتى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18% كە يەتتى. مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە ئومۇمىي چىقىمىدىكى سالمىقىمۇ 1955 - يىلدىكى 10.7% تىن 1984 - يىلدىكى 16.5% كە كۆتۈرۈلدى.

6. ئاپتونوم رايوننىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققى قىلدى.

1984- يىلىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايوندىكى مۇستەقىل پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 188 گە، غەيرى مۇستەقىل پەن تەتقىقات ئاپپاراتى 54 كە يەتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئومۇمىي سانى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان چاغدىكىدىن 22 ھەسسە كۆپەيدى. تەبىئىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سانى 161 گە يەتتى. پەن - تېخنىكا خادىملىرى شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 1.2% تەشكىل قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن ئېشىپ كەتتى. ھازىر ئاپتونوم رايوندا تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلىرىدىن 70ى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى 25 مىڭ 833 كە يەتتى.

ھازىر ئاپتونوم رايوندا ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتىدىن جەمئىي 20 ى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تەتقىقات خادىملىرى 781 گە يەتتى. ئاپتونوم رايوندا ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەتلىرىدىن 45 ى بولۇپ ئۇنىڭ ئەزالىرى 10 مىڭغا يەتتى.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئاساسىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. ھازىر بازارلار ئاۋات بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى شات - خورام ۋە خاتىرجەم بولماقتا.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ۋە تۈرلۈك ئىشلىرىدا يېڭى يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى دۆلەتنىڭ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىزچىل تۈردە بەرگەن زور غەمخورلۇقى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. دۆلەت 35 يىلدىن بۇيان، دۆلەتنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن مالىيە ياردىمى ۋە مەركەزدىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغى 30 نەچچە مىليارد يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك-مالىيە كىرىمىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. مەركەز شىنجاڭغا مالىيە جەھەتتىن ياردەم بەرگەندىن باشقا يەنە دۆلەت ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتلەردىنمۇ زور دەرىجىدە ياردەم بەردى. ھەرقايسى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر ۋە

ئاپتونوم رايونلارمۇ زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنى ئەۋەتىپ شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. ھەممە ماددىي ئەشيا، تېخنىكا، ئۈسكۈنە، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىمۇ شىنجاڭغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەگەر دۆلەتنىڭ ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بولمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا بۈگۈنكىدەك بۇنداق زور نەتىجىلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

3- شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

شىنجاڭ قەدىمدىنلا كۆپ دىنلىق رايون. ھازىر شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلار ئىچىدە 10 مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇلار: ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبەك، تاتار، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن مىللەتلىرىدىن ئىبارەت؛ ئالدىنقى 7 مىللەت قەدىمدىن بېرى شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، كېيىنكى 3 مىللەت 1949- يىلدىن كېيىن - ئىلگىرى بولۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن. شىنجاڭدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىسى ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 59.4% تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار 100 مىڭ كىشى، خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن 10 مىڭ، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن 10 مىڭ كىشى بار. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپلا ئىنسانلار ياشاپ كەلگەن. چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئەڭ بۇرۇن باشلانغان رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. كېيىنچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا سېتىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى «يىپەك يولى» مۇشۇ رايوندا شەكىللەندى. سودا - سېتىق مۇناسىۋىتى بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشلەر مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ رايون يەنە ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى، يەنى ئالتاي تىل سىستېمىسى، ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسى ۋە خەنزۇ-تىبەت تىل سىستېمىسى قاتارلىق تىللار گىرەلەشكەن جاي. شۇڭا دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن ۋە باشقا دىنلارمۇ ئىلگىرى - ئاخىر مۇشۇ يەردە ئۇچراشقان ئىدى. ئىسلام دىنى 10- ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن. قاراخانىلار خانى ساتۇق بۇغراخان (930 - 955) ئىسلام دىنىنى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلغان خاقاندۇر.

ئىسلام دىنى تارقىلىپ دۆلەت دىنى سۈپىتىدە ئورۇن ئېلىشتىن ئىلگىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي شىمال قىسمىدا دۈڭخۇاڭدىن كۇچارغىچە بولغان رايوندا قوچۇ (تۇرپان) نى پايتەخت قىلغان ئىدىقۇت خانلىقى، كۇچاردىن تاكى جەيھۇن (ئامۇ دەريا) ۋادىلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا قەشقەرۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىلار خانلىقى مەۋجۇت ئىدى. ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن قاراخانىلار خانلىقىدىكى خەلقلەر ئەسلىدە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئەنگلىس، «شامان دىنى

ئىنسانلار ئەمدىلا سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان دەۋردە پەيدا بولغان» (1) ھەپ كۆرسەتكەندەك شامان دىنى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر مىلادىيەدىن بىر نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شىنجاڭدا قەدىمدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تاتارلىق مىللەتلەر 7- ئەسىرگىچە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىدى.

شىنجاڭدا ئىسلام دىنى كىرىشتىن ئىلگىرى بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا بولغان (بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا بولغان) تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا ئىسلام دىنى قەشقەرگە كىرىشى بىلەن قەشقەردىلا توختاپ قالماي قەدەممۇ - قەدەم كېڭىيىپ خوتەندە مىلادىيە 1000- يىللاردا، كۇچادا 13- ئەسىرلەردە ئىسلام دىنى تەدرىجى ئومۇملاشتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئاساسلىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىدە، ئۇلىمدىن باشقا ئىسلام دىنىنىڭ شىئىي مەزھىپى ھەم شىنجاڭغا كىرگەن بولۇپ، بۇ مەزھەپكە شىنجاڭدا تاجىك مىللىتى ئېتىقاد قىلماقتا.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، شىنجاڭدا ھازىر مەۋجۇت دىنلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئەڭ زور بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىمام ئەزەمنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ كەلمەكتە.

دىنىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان تەسىرى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات، پەلسەپە، سەنئەت قاتارلىق ساھەلىرىگىچە، ھەتتا، مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ، ئادەت، قائىدە يوسۇنلىرىغىچە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. دىن ھەتتا بەزى مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن ئارىلىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. ئېيتايلۇق، قەدىمكى ئۇيغۇرلار شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغاچقا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى تىلى، يېزىقى، ئىجتىمائىي شەكىللىرى ئەنئەنە، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارغىچە سىڭىشكەن. مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» ئەسىرىدە شامان دىنىنىڭ تەسىرىنى ئوچۇق كۆرۈپ ئالالايمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي، پەلسەپىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، يازما ئەدەبىياتى قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن بۇددا، خرىستىيان، مانى، ئىسلام دىنلىرى تەسىرىنىڭ روشەن ئىزلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئورۇنلىنىشى بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭ تارىخىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. بۇ زور بۇرۇلۇش دىندىكى بۇرۇلۇشنىمۇ ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدىكى ئۆزگىرىشنىڭ دىنغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئاساسەن، ئىككى تەرەپتە كۆرۈلىدۇ. بىرى: دى-

---

(1) ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن.

نى فېئودال‌لار ئىگىلىگەن ۋەخپى، مازار، مەدرىسلەرنىڭ فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكى دىنىي زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى بىكار قىلىندى. يەنە بىرى: پارتىيەمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئىجرا قىلىندى. بۇ ئىككى مەسىلە ھەققىدىكى ئىزاھاتىمىز تۆۋەندىكىچە؛

(1) دىنىي فېئودال‌لارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ۋە دىنىنىڭ فېئوداللىق ئىمتىيازلىرى تارىپتىن بىكار قىلىندى. ھەممىگە مەلۇمكى: فېئوداللىق يەر تۈزۈمى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. دىنىي فېئودال‌لار ئىگىلىگەن ۋەخپە يەرلەر فېئودال پومىششىكلار ئىگىلىگەن يەرنىڭ بىر قىسمى، بۇ فېئودال دىن ئىگىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن فېئوداللىق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى—ماھىيەتتە ئاتەتتىكى فېئوداللىق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ بىر قوشۇمچىسى.

ئازاتلىقتىن بۇرۇن دىنىي فېئودال‌لارنىڭ ۋە دىنىي ئاپپاراتلار (« مەھكىمە شەرى ») ئىگىلىگەن يەرلەرنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن كۆپ بولغان. مەسىلەن: قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىكى ھېيتكار مەسچىدىنىڭ ئىگىلىگەن ۋەخپە يېرى 3.000 مودىن ئارتۇق بولۇپ، دۇكان ئۆيى 116 ئېغىز، ئاتۇش ناھىيىسىدىكى ساتۇق بۇغراخان مازارىنىڭ ئىگىلىگەن ۋەخپە يېرى 4.000 مودىن، يەكەن ناھىيىسىدىكى چىلتەن مازارىنىڭ ئىگىلىگەن ۋەخپە يېرى 5.000 مودىن ئارتۇق. بۇ خىل ۋەخپە يەرلەرنىڭ ھەممىسى دېھقانلارغا بېرىلىپ، دېھقانلاردىن ئېغىر دەرىجىدە ئىجارە ھەققى ئېلىنغان، دېھقانلارنى كۆپلەپ ھەقسىز ئىشلەتكەن.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى ۋەخپە نامىدىكى يەرلەرنىڭ تۈرى بىر نەچچە ئون ھېلىغا يەتكەن. ۋەخپە يەرلەر دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىلگەن ۋەخپى يەرلەرنىڭ ئىجارە ھەققى ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقتىن دېھقانلار ئۆمۈر بويى ۋەخپە يەر تېرىپمۇ ئىجارىسىنى تۆلەپ بولالمىغان.

(2) دىنىي سېلىقلار بىكار قىلىندى. ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى دىنىي سېلىقلارنىڭ تۈرى مۇنداق ئىدى: ئۆشرە — دېھقانلار ھەر يىلى ئۆزى ئالغان ھوسۇلىنىڭ $\frac{1}{10}$ نى ئىمام، ئاخۇنلارغا بېرىدىغان سېلىق. زاكات — چارۋىچىلىق مەھسۇلات ۋە سودا ماللىرىدىن $\frac{1}{40}$ نى ئىمام ئاخۇنغا بېرىدىغان سېلىق. چەچبۇنى سېلىقى — ھەر يىلى دېھقانلار خامان ۋاقتىدا 10-20 جىڭ ئاشلىقىنى قالدۇرۇپ ئىمام، ئاخۇنلارغا تاپشۇرىدىغان سېلىقلار دىنىي سېلىق بولۇپ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى.

(3) دىنىي باشلىقلارنىڭ دىنىي فېئوداللىق ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىندى. كونا جەمئىيەتتە دىنىي باشلىقلارنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىيازلىرى مۇنداق بىر قانچە خىل ئىدى: مەسىلەن، دىنىي مەھكىمە شەرئىينىڭ قازى، رەئىس، مۇپتىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا دىنىي سوت تەسىس قىلىپ ئەدلىيە قىلىشى. سوتلاش ئىمتىيازى؛ ئالدى - ساتتى، بازار سودىسىغا، يەر مۈلۈك سودىسىغا، ئۆلگۈچىنىڭ مىراسىنى بۆلۈپ بېرىش ئۆلىگىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ۋە داۋالارنى كېلىشتۈرۈپ قويۇپ ئۆتنىگىدىن

ئالىدىغان نەپ قاتارلىق ئىقتىسادىي ئىمتىيازلار بىكار قىلىندى.

دىنىي فېئوداللارنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى، دىنىي فېئوداللىق ئىمتىياز ھەمدە دىنىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇ ئۆزگىرىش دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى. چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى بەزى روھىي بويۇنتۇرۇقلارنى يوق قىلدى.

دىنىي فېئوداللىق ئىمتىيازلارنىڭ بىكار قىلىنىشى، بولۇپمۇ ئاياللارنى ئازاتلىققا ئېرىشتۈردى. بۇرۇن سوت-مەھكىمىلەرنىڭ قازى، رەئىسلىرى، يۈزىگە چۈمبەل تارتمىغانلارنى ھاقارەتلەشتىن تاشقىرى دەررە بىلەن ئۇراتتى. ھازىر ئاياللار يۈزىنى يېپىش-ياپماسلىقنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدىغان ئىنسانىي ھوقۇققا ئىگە بولدى.

ئوخشاشلا، مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش قاتارلىق پەرزلىرىنى ئادا قىلىشى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولىدىغان بولدى.

دىنىي ئىمتىيازلار بىكار قىلىنغاندىن كېيىن ئاما ئىچىدە تەسىرى بىر قەدەر زور بولغان دىنىي زاتلارنىڭ بەزىلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن تارتىپ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىگىچە سايلاندى، بەزىلىرى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ۋە ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، ئوبلاست، ناھىيە (ئاپتونوم ناھىيە) نىڭ سىياسىي كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىك خىزمەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار ھەر قايسى ئورۇنلاردا ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماقتا. تۇرمۇشتا ئەمەلىي قىيىنچىلىقى بولغان دىنىي زاتلارغا ھۆكۈمەت ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرمۇش - ياردەم پۇلى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ تەدبىر ھەر قايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچى دىنىي زاتلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، ئۇلار تۇرمۇشى خاتىرجەم، كۆڭلى ئازادە بولدى.

دىنىي خىزمەتتىكى يەنە بىر نەتىجە شۇكى، پارتىيىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل توغرا ئىجرا قىلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى»غا كىرگۈزۈلۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «كوممۇنىستلار دىننى يوقىتىدۇ» دەپ تارقاتقان ئىغۋاگەرچىلىكى تارمار قىلىندى. «پروگرامما»دا «دىنغا ئىشىنىدىغان ۋە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، سىياسىي ئورنى باراۋەر» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. بۇ سىياسەت ھەر قايسى دىنلارغا ئې-

ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەمنىڭ سەممىي ھىمايىسىگە ئېرىشتى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئادەمنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقى كۈچەيتىلدى. ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، ئۆز ئارا يول قويۇش كۈچەيدى. ئۇلار بىر نىيەت بىر مەقسەتتە رايونىمىزنى تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان رايونىمىزدا ھەر قايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا ئۆز ئېتىقادى بويىچە ئىبادەتخانىلاردا، مەسچىتلەردە تائەت - ئىبادەت قىلىش، ئايەم، ھېيت بايراملىرىنى ئۆز ئەركىنلىكى بويىچە ئۆتكۈزۈشتەك دىنىي تۈرلۈك ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى. مەسىلەن: ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلاردا دىنىي قائىدە بويىچە بالىلىرى تۇغۇلغاندا ئەزان چىلاپ ئات قويۇش، 7 ياشقا يەتكەندە خەتنە توي قىلىش، بالاغەتكە يەتكەندە ئۆيلەش، ئۆلگەندە مېيىتنى يۇيۇپ كېپەنلىككە ئېلىش، نامىزىنى مەسچىتتە چۈشۈرۈپ يەرلىكىدە قويۇش، ئۆلۈمنىڭ 40 كۈنىدە بىر يىلدا بولىدىغان نەزىر-چىراغلارنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىي ئادىتى بويىچە بولۇپ كەلدى.

پارتىيىمىزنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. دىنىي خىزمەتلەردە تېخىمۇ زور يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ روشەن بىر ئىپادىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسىتى - ئۇزاق مۇددەتلىك ئاساسىي سىياسەت ئىكەنلىكى روشەنلەشتۈرۈلدى.

بۇ سىياسەت: ھەر بىر پۇقرا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە. ھەم بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ھەم ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. بىر دىن ئىچىدە ھەم بۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ھەم ئۇ مەزھەپكە ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلغانلار ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ئىگە، بۇرۇن دىنغا ئېتىقاد قىلمىغانلار ھازىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئىپادىلىگەن. شىنجاڭدىن ئىبارەت مۇنداق كۆپ دىنلارغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن رايوندا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويالىدى. بۇنىڭ بىلەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ھەقىقىي ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. ھەر قايسى دىنلارنىڭ قائىدە- يوسۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەر قايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىا پارتىيىدىن مەمنۇن بولدى. دىنغا ئېتىقاد قىلىش، قىلماسلىق پۈتۈنلەي ئادەمنىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىشقا ئايلاندى.

ھازىر شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ 15 مىڭدەك مەسچىتى، بۇددا دىنىنىڭ 30 ئورۇندا ئىبادەتخانىسى ۋە باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرى بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردا نورمال ئىبادەت ئېلىپ بېرىلماقتا.

ئاپتونوم رايوندا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسى، بىر دىنىي تەتقىقات ئىنستىتۇتى، بىر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، بۇددا دىنى جەمئىيىتى تەسىس قىلىنغان.

ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسى - پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئورنى بولۇپ، دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ھەر قايسى ئوبلاست، ۋىلايەتلەردە 10 دەك ئىدارىسى بار.

دىنىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ۋەزىپىسى - ئىسلام دىنىي، بۇددا دىنىي، خىرىستىيان دىنىنىڭ تارىخىي قاتارلىق ئىلمىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى يەرلىك خاراكتېرلىك دىنىي ئاممىۋى تەشكىلات بولۇپ، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ھوقۇقى، مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئامما ئىچىدە مۇئەييەن تەسىرى بار.. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى ئوبلاست، ۋىلايەتلەردە 10 دىن ئارتۇق شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلغان. ھەر قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىنى پۈتۈنلەي دىنىي زاتلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئاممىۋى خاراكتېردىكى جەمئىيەتلەر ھەرقايسى دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ۋەكىللىرىنىڭ دېموكراتىك ئاساسىدا كېڭىشىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ خىل دىنىي جەمئىيەتلەر ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن قىلمايدىغانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتناشتۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان. شىنجاڭدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىشتا ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە سىياسىي ئورنىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىندى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىن تەخمىنەن 2 مىڭدەك دىنىي زاتلار مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەكىللىكى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەكىللىكى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقى ۋە رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىمەكتە.

شىنجاڭدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىلەن تارمىقتىن

بېرى ئېرىشتاپ قالغان ھەج تاۋاپ قىلىش يولغا قويۇلۇپ 3 يىلدىن بۇيان ئۆز راسخوتى بىلەن ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سانى 5000 كىشىدىن ئاشتى.

دىنىي ساھەدىكىلەر ئارىسىدا تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بولغان تەخمىنەن 3000 دەك كىشىگە ھالىدىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلىپ، تۇرمۇشى خاتىرجەم قىلىندى.

شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 10 مىللەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئىماملارنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن رايون بويىچە 4 قارار (6 ئايلىق) دىنىي كۇرس ئېچىلىپ 250 نەپەر كىشى تەربىيىلەپ چىقىلدى. بۇلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىش، ھەدىسلەرنى ئوقۇش قاتارلىق دىنىي دەرسلىكلەرنى رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ئۆز ئۈستىگە ئالدى. يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھالىمى ھەيئەت ئەزالىرى يىلىغا 2 دىن 3 كىچە تالىپ يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىپ 100 دەك ئادەمنى تەربىيىلەپ چىقتى.

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ دىنىي كىتابلارغا بولغان ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ئاپتونوم رايونىمىزدا 90 مىڭدەك «قۇرئان» 140 مىڭدەك ھەدىسنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىغا تەرجىمە نەشر قىلىپ مۇسۇلمانلارغا تارقىتىپ بېرىلدى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي دەرس تۈرى بولغان «قۇرئان كەرىم» دۇنيادا نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىل يېزىقىدا (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا) تەرجىمە قىلىنمىغان ئىدى) ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى دىنىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ قولىشى، رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرئان كەرىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق دىنىي ئالىملارنى قاتناشتۇرۇپ، كۆزدىن كەچۈرۈپ تەقرىز يازدى. 99 مىڭ 500 تىراژى بىلەن بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. دۆلەت ئىچىدە، خەلقئارادا چوڭ تەسىر قوزغىدى. [ پوقرالار ] پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە رەھمەت ئوقۇشتى.

شىنجاڭدا ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مىمارچىلىق سەنئىتى بىلەن ياسالدى. ھازىر بۇ ئىنستىتۇتتا 160 ئوقۇغۇچى بار. ئىنستىتۇت ئىچىدە، دەرسخانا، ياتاق، تاماقخانا، ئىشخانا، قىرائەتخانا، مەسچىت ۋە مۇنچا قاتارلىق ئەسلىھەلەر بار، ئوقۇتۇشتا ئەرەب گىراماتىكىسى، شەرىئەت ئاساسلىرى، ئىسلام پەلسەپىسى، ھەدىس (پەيغەمبەرلەرنىڭ توپلىمى) تەپسىر، (قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش ئىلمى)، سىياسىي

www.uyghurkitap.com

ماھارەتلىرىنى نامايەن قىلدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان
ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتماقتا. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى
خادىملار دۆلەتنىڭ سەھىيە ئورگانلىرىدا قوبۇل قىلىندى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سەھ-
ىيە تارماقلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ۋولەپەر كەسپى دوتسېنتلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى 30 يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىسىدىن كوممۇنىس-
تىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاندىلا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاندىن ھەقىقىي تو-
ھە ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولالايدىغانلىقىنى، جۇڭگونى سوتسىيالىزملا قۇت-
قۇزالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. شۇڭلاشقا، بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي
ئىشلىرىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇپ دۆلەت، ئاپتونوم رايون ھەم ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ
خوجىسى ئۆزىمىز ئىكەنلىكىمىزنى چۈشىنىپ ئۆز تۇرمۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ
ماڭىمىز دەيدىكەنمىز، ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا سوتسىيا-
لىزم يولىدا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم لېنى-
نىزمدا چىڭ تۇرۇشىمىز، بۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزدە
ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك.

30 يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى شىنجاڭدىن ئىبارەت مۇن-
داق كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايوندا ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئى-
شلەيمىز دەيدىكەنمىز ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ھەر مىللەت
كادىرلىرى ۋە ئاممىسى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى، تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بو-
لۇشنىڭ رايونىمىز ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ توپ كاپالىتى
ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

1987- يىل 2 - ئاينىڭ 22- كۈنى

---

(بېشى 76 - بەتتە)

ماركسىزمنىڭ ئەخلاقشۇناسلىق تەتقىق قىلىدىغان مەزمۇنلار، ئەخلاقنىڭ كې-
لىپ چىقىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى، ئەخلاق بىلەن ئىقتىس-
سادىي بازىس ۋە ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىش قانۇنىيىتىنى، ئەخ-
لاقىي باھا ۋە ئەخلاقىي روھىي ھالەت (پسىخىك) ھەركەتلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى،
ئەخلاقنىڭ تارىخىي ۋارىسچانلىق قانۇنىيىتى، كوممۇنىستىك ئەخلاق پىرىنسىپلىرى
ۋە قائىدىلىرىنىڭ رول ئويناش قانۇنىيىتى، كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسى بىلەن
كوممۇنىستىك ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشنىڭ قانۇنىيىتى، كوممۇنىستىك كىشىلىك
تۇرمۇش قارىشى ۋە ئەخلاقىي غايە، كوممۇنىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ شەكىللىنىش
قانۇنىيىتى ۋاھاكازالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت ماركسىزملىق ئەخلاقشۇناسلىقلا
دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىي-
يىدىن پايدىلىنىپ، بۇ قانۇنىيەتلەرنى تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئەخلاقشۇناسلىقنى ئىل-
مىي ئاساس ئۈستىگە بەرپا قىلىپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلى-
شىغا تۈرتكە بولىدىغان مەنىۋى كۈچكە ئايلاندۇرىدۇ.

# ئوتتۇرا ئاسىيا① مەدەنىيىتى

ھاجى نۇرھاجى

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە قەدىمدىن بېرى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۆھپە قوشقان، ئۇزۇن تارىختا ئىگە رايونلارنىڭ بىرى.

بۇ قەدىمىي زېمىندە ياشىغۇچى خەلقلەر ئەڭ قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپ بۇ رايوندا ياشاپ كېلىش بىلەن، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە دۇنيا پەن - مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا پارلاق مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا راۋاجلانغان ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمدىن بېرى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى زور ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بۇ رايوندا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋەشەھەر سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئۈچۈن ماددىي - مەنىۋى شارائىت يارىتىپ بەردى.

بۇنداق بولۇشىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى — ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولغاچقا، ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا 2000 نەچچە يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەتلىرىنى مۇجەسسەملىگەن ۋە جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان ئاساسىي كۆۋرۈك بولۇپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىۋى شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېمەك ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆۋرۈ-

①ئوتتۇرا ئاسىيا - جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، تارىختا كەڭ ۋە تار مەنىدە قوللىنىلىپ كەلدى. كەڭ مەنىدە قوللىنىلىپ كېلىشى بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلىرىنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدە - پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىنى يەنى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركمەنىستان ۋە قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ماقالىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن ئۇقۇمنى كەڭ مەنىدە قوللاندۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلغان ئاساستا بىر - بىرىگە كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق باشقا رايونلارغا زور تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا تارىخىدا مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان ئىدى.

شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەت تارىخى ئۇزۇن، قويۇق بولۇشى بىلەن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرە ۋە تەۋەسىدە بولۇپ كەلگەچكە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقلەر بىلەن دوستانە بېرىپ - كېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مىلادىدىن ئاۋۋال 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا «يىپەك يولى» نىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن غەربىي ئاسىيانى، ياۋروپا بىلەن جەنۇبىي ئاسىيانى تۇتاشتۇرغان «يىپەك يولى» نىڭ مەركىزى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، تارىخىي ئەسىرلەردە «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تۆت كوچا ئاغزى [ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتى] دېگىنىدەك شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى بىر - بىرىگە ئۆتۈش جەريانى بولۇپ مەدەنىيەت ئۆز ئارا سىڭىشكەن. قەدىمكى قاراشتى، رونىك — تۈرك، ئۇيغۇر يېزىقى، سوغدى، سانسكرىت، مانى، توخرى، ئەرەب، تۈبۈت، موڭغۇل، مانجۇ يېزىقلىرى بۇ رايوندا قوللىنىلغان: شۇنداقلا ئۈچ بۈيۈك تىل سىستېمىسى، [يەنى ئالتاي تىللىرى، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى، خەنزۇ - تىبەت تىللار سىستېمىسى] نىڭ گىرەلىشىپ ياشىغان زېمىنى دەل مۇشۇ. «تۆت كوچا ئاغزى» دا ئۇچراشقانلىقتىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان، ئېيتايلۇق جۇڭگونىڭ تاۋار - دۇردۇن، پار - پۇر قاچا - قۇچىلىرى، چاي قاتارلىق قىممەتلىك سانائەت تاۋارلىرى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان مۇشۇ شىنجاڭنىڭ يەرلىك سانائەت بۇيۇملىرى بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا رايونلارغا تارقىلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگۈزۈلگەن سانائەت بۇيۇملىرى ئوخشاشلا جۇڭگو ئىقتىسادىغا ۋە مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۇددا دىنى، ئاتەشپەرەستلىك دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئوخشاش دىنلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدەك دىن بىلەن بىللە دىن پەلسەپىسى، مۇزىكا، سەنئەت، ھەيكەلتاراشلىق، مىمارچىلىق سەنئىتى ۋە گۈزەل سەنئەت قاتارلىقلىرى كىرىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغۇچى بىر مۇنچە قەبىلە — قەدىمكى زامان مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان بۇ زېمىندە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول - ھۈنەر ۋە سودا ئىگىلىكى نىسبەتەن بۇرۇن راۋاجلانغانلىقتىن سودا ئىشلىرىنىڭ ماھىرلىرى بولۇپ كۆپ خىل قەدىمكى تىللارنى پىششىق بىلىدىغان، ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا ئۇلار تۈرلۈك دىن ۋە سەنئەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىزغۇنلىغان سەنئەت

بۇيۇملىرىنى قەدىمكى كىلاسسىك ئەسەردە بىباھا گۆھەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋە نۇرغۇن دىنىي — پەلسەپە قەدىمى ئەسەرلەرنى ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشى بىلەن يەرلىك مىللەتلەردىن ئالىم — ئەدىبلەر پەيلاسوپلار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، ئاسترونومچىلار، تىببىي شۇناسلار، ھەربىي شۇناس ۋە سەنئەتكار قاتارلىقلار مەيدانغا كەلگەن.

مىلادى 8 - ئەسىرلەردە ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئەرەب تىل يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغان نۇرغۇن دۇنياۋى ئالىملار مەيدانغا كەلدى.

ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 9 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە جاھان مەدەنىيىتىدە ئورۇن ئالغان مەشھۇر ئالەمشۇمۇل ئالىملارنىڭ تولىسى دېگۈدەك ئەرەب يېزىقىدا ئۆزچە ئەسەر يازغانلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئالىملار ئىدى.

سامانىلار خانلىقى [874 — 999] دەۋرلىرىدە جەمئىيەت بىر قەدەر تىنچ بولغاچقا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ئالىملىرىمۇ مەدەنىيەت تەرەققىي تاپقان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆپلەپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تېز گۈللەندى. ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى كۆپ جەھەتلەردە ياۋروپادىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى تارىخنىڭ شاھىدى قىلىپ بىر نەچچە مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ. مەسىلەن، مەشھۇر ماتېماتىك ئەبۇجاپپار، مۇھەممەت ئىبنى مۇسا ئەلخارازىمى ئۇلۇق ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم ئەخمەت ئەل پەرغانى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق ئورۇن ئىگىلىگەن، پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ئاساسچىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىستوتېلى ھەم مۇزىكاشۇناس ئەبۇنەسىر فارابى [870 - 950]، شۇ زاماننىڭ ئەڭ ئاتاقلىق تىببىي ئالىمى ئەبۇئەلى ئىبنىسىنا [980 - 1037] ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ ئىنسىكلوپېدىك ئالىم مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەت ئەبۇرەيھان بىرۇنى [973-1048] تارىخشۇناس ئەبۇنەسىر ئاررات مۇھەممەت خارازىمى ئەل فارابى ئەركىندى ئەلدازى ئەل مۇئارى، پەيلاسوپ تىببىي ئالىم مۇھەممەت، ئاتاقلىق تارىخشۇناس گەردىزىنىڭ 1050- يىلى يازغان «زەينۇلئاخبار» (گۈزەل خەۋەرلەر ئەسىرى) بەيھەقى (966 - 1077) يازغان 30 توملۇق ئەسەر، مەجدىدىن (ۋاپاتى 1068 - يىلى) نىڭ «تارىخى مۈلكى تۈركىستان» (تۈركىستان تارىخى) نىزامىلمۇلۈكنىڭ «سىياسەتنامە» (دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا) قاتارلىق كۆپلىگەن مەشھۇر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

قاراخانىلار خانلىقى 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەۋر سۈرگەن مەزگىلدە يەتتە سۇ ۋە تارىم ۋادىسىدىكى رايون ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا زور گۈللىنىش ھەۋرى بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋردە ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن يېزا ئىگىلىك ۋە قول سانائىتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى نەتىجىسىدە ئولتۇراقلىشىش،

شەھەرلىشىشىنىڭ ئومۇمىيلىشىشى بىلەن قەشقەر، بارچۇق [مارالۋېشى) بالاساغۇن ئوترار (فاراپ)، سەمەرقەنت، بۇخارا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يىرىك ئىقتىساد سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى مەيدانغا كەلدى. مۇكەممەل شىپاخانىلار تۈرلۈك پەنلەر ئوقۇلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئالىي بىلىميۇرتلىرى چوڭ كۆلەملىك مەدرىسىلەر قۇرۇلدى. [ئابدۇكېرىم] ئارسلان بۇغراقاراخان دەۋرىدە قەشقەردە «ساچىيە»① مەدرىسى بولغان. «ساچىيە» (ساچقەدىكى ئۇيغۇر تىلىدا سېچىش، يېيىش ئىلىم - پەننى كېڭەيتىش دېگەن مەنىدە) ئۆز دەۋرىدە يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى، ھەمدە ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگىنىشنىڭ ئوچىقى ئىدى. بولۇپمۇ «ساچىيە» دە مەھ-مودىيە» مەدرىسىلەردە ئىسلام پەلسەپىسى، تارىخ-ئەدەبىيات ئاسترونومىيە، مىدىتسىنا روسوماتچىلىك [ئۇرۇش ئىلمى] قاتارلىق تەبىئىي - ئىجتىمائىي پەنلەردىن دەرس بېرىلەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت - بۇخارا قاتارلىق مەركىزىي مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن ئورغۇنلىغان مەدرىسىلەر، كۇتۇپخانىلار، جامە، كارۋان سارايلىرى ھەشەمەتلىك بىنا قۇرۇلغان ئىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى يەن - مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە كۆرۈلگەن بىلىمگە ئىگە بولغان ئەۋلىيالار، ئەدىپ - شائىرلار، تىلشۇناسلار، پەيلاسوپلار، تارىخشۇناسلار يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى، ئوتاچى (تېۋىپ) ھەربىي ئىستراتېگ ئالىملار، قانۇنشۇناسلار مەيدانغا كەلگەن.

11 - ئەسىردە ياشىغان قەدىكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ۋە ئاساسىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇلۇق مۇتەپەككۇر تىلشۇناس مەخمۇت قەشقىرى، ئۇنىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى خەلپە قەشقىرى، ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئابدۇجاپپار قاتارلىق ئالىملار ئەنە شۇ دەۋرنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى [1069 - 1070] مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتولھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) ناملىق داستانى يۈسۈپ سەككاكىنىڭ «مۇتاھىل ئىلىم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرى، ئابدۇجاپپار ئىبنى ھۈسەيىن قەشقىرى [ۋاپاتى 1098 - يىلى] نىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى ۋە مۇجەئۇششۇاخ» (ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى) ناملىق قىممەتلىك نادىر ئەسەرلىرى شۇ دەۋرنىڭ گۈل تاجىلىرىدۇر:

بولۇپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسەرلەر ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ئۇستىۋارلىقى، بەدىئىي جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللىقى، ئۇسلۇبىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇردۇر.

چوڭ لۇغاتشۇناس چامالقارشى (ئەسلى ئىسمى ئوبۇل پەزلى ئىبنى مۇھەممەت) ئۇنىڭ ئاتىسى بالاساغۇنلۇق بولۇپ ئۆزى ئالمالىقتا [ئىلىدە] تۇغۇلغان.

---

①«سوراھ» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى جامال قارشى ئۆز كىتابىدا جەۋھەرى (مىلادىنىڭ 1002 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «سەھاھ» ناملىق 4 - توملۇق كىتابىنى قەشقەردىكى «ساچىيە» كۇتۇپخانىسىدىن ئالغانلىقىنى قەيت قىلغان.

ئۇ يازغان ھىجرىيە 681 - يىلى [مىلادىيە 1282 - يىلى] قەشقەردە قاراخانىلار دەۋرىدە قۇرۇلغان «ساچىيە» مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان جەۋھەرى (ئەل جەۋھەرى - تولۇق ئىسمى - ئەبۇناسىر ئىسمائىل ئىبنى جارالفارابى) نىڭ «ئەسساھاتىللۇغەت» ناملىق 4 جىلدلىق كىتابىنى «سوراھ» (ھەقىقىي - تولۇق، مەنىسىدە) نامىدا ئۆزگەرتىپ ئەرەبچىدىن فارسچىغا تەرجىمە قىلىپ 14- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەبچە ئىملاۋە بىلەن «مولھەقاتوس سوراخ» دېگەن مەشھۇر لوغەتنى يېزىشى مەشھۇر ئىمادوردىن قەشقەرى ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى قانۇن» (قانۇنلار شەرھى) ناملىق ئەسەرنىڭ يېزىلىشى، مۇھەممەت ئىبنى ئەلكاتىپ سەمەرقەندىنىڭ «تاۋغاچ قىلىچخان يەنى مەسئۇد ئىبنى ئەلى. (ۋاپاتى 1095-يىلى) غا بېغىشلانغان «ئەغراز ۋەسىياسى ئىناسى سىياسى» ناملىق ئەسىرى مەجىدىدىن مۇھەممەت ئىبنى ئەدنايانىڭ قاراخانىلار ئەۋلادى تاۋغاچ ئىبراھىم ئىبنى ناسىرغا بېغىشلانغان «تۈركىستان تارىخى» بىلەن «چىن تارىخى» ناملىق ئىككى تولۇق ئەسىرى، ئەبۇل فەيزى مۇھەممەت ئىبنى ھۈسەيىن بەرەمقى (996 — 1039) نىڭ 30 توملۇق ئەسىرى، مۇھەممەت ئەلئەۋفىنىڭ ھىجرىيە 625 - (مىلادىيە 1228 - يىلى) يازغان «جامىئول ھىكايەت» ناملىق «تابغاچ ئىبراھىمخانغا بېغىشلاپ يازغان ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ جاھانشۇمۇل ئەسەرلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان زور ئىلمى قىممەتتىكى تۆھپىلەر بولۇپ، بۇ دەۋردە تەرەققىي قىلغان قاراخانىلار مەدەنىيىتى دۇنيانىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى؛ 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان قاراخانىلار دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر يۇقىرى پەللە دېگىنىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇندىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا 14 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە داۋام قىلغان ئىمىر تۆمۈر دەۋرى ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرى ياشىغان دەۋرى يەنە بىر يۈكسىلىش دەۋرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، «چىڭگىزخانىنىڭ ماۋارائۇننەھرى ۋە تۈركىستان ئەللىرىگە يۈرۈش قىلىشتا خارابىلارغا ئايلىنىپ ئىمارەتلەردىن بىر دانە پۈتۈن خىش قالمىغان ھالدىكى شەھەرلەرنى ئىمىر تۆمۈر ئاۋات قىلىشى بىلەن سەلتەنەتلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقتى»① ھەممىگە ئايانكى؛ چىڭگىزخاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا كىچىك بىر فېئوداللىق ھاكىمىيەت ئىمپېرىيىسىنى تەشكىل قىلغان ئىمىر تۆمۈر [1370 - 1405] چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنمە يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيانى 1370 - يىلى سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈردى.

ئىمىر تۆمۈر ھەر قايسى جايلارنى ئىستىلا قىلىشتا ئۇرغۇن ھەربىي يۈرۈش نەتىجىسىدە سەمەرقەندنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى.

سەمەرقەندنى پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشتىكى پىلانى بويىچە جاھان مەدەنىيىتىنىڭ پېشۋالىرى دەپ تونۇلغان مۇنەۋۋەر ئالىم، ئەدىپ ۋە ھەر خىل پەننىڭ ھۈنەر ۋە ئۇستازلىرىنى «ئاسراپ ئۇلارنى قەدىرلەپ ۋە ھۆرمەت-

---

① «مىرخواندىنىڭ رەۋزەتۇسساپا» ئەسىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com

لەپ»① ئۆزىنىڭ پايتەختى سەمەرقەندگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ سەمەر قەندنى جاھان مەدەنىيىتى بويىچە ئەڭ مەدەنىي، ئەڭ يۈكسەك ئاۋات ۋە باياشات بىر پايتەخت قىلىپ ئىلىم مەركىزىگە ئايلاندۇردى. «سەمەر قەندگە نۇرغۇن بىلىم يۇرتلىرى ۋە چوڭ مەدرىس، جامە خانىقالارنى شۇنداق ئالىي دەرىجە قىلىپ ياساتقانكى؛ مەدرىسلەرنىڭ گۈمبەزلىرىنى مەرمەردىن پۈتتۈرۈپ نەقىشلىرىنى خىزدىي تىللا بىلەن زىننەتلىگەندەك ئىشلەتكۈزدى. مەدرىس چۆرىسىگە بېھىش گۈلزارىدىن بېشارەت بېرىدىغان بىنالارنى قىلدۇردى.»②

ئەمىر تۆمۈر ئىلىم - پەن بىلىم يۇرتلىرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىش بىلەنلا قالماستىن «شەھەر قۇرۇلۇشى ئۈچۈن شەھەرنى گۈزەل- لەشتۈرۈشكە شۇنچە ئەھمىيەت بەردىكى، «باغۇشامال»نىڭ جەنۇبىدا بىر باغ ياسات- قان. باغنىڭ ھەر تەرىپىگە 1500 گەز كېلىدىغان بىر قەسىر ياساتقان. بۇ ياسات- قان قەسىرنىڭ ئەتراپلىرىدا ئىچكى قۇرۇلۇشىدا ھۈنەرۋەنلەر تاشنى قىرىپ تىزىشقا ئەڭ ئۇستۇن ماھارەت ئىشلەتكەن بولۇپ باشقا جايلاردا ياغاچ - پىل چىشى- لىرىدىن ئويۇپ نازۇك نەقىشلەرنى قىلغان بولسا ئۇلار چىمەرلىك بىلەن تاشقا ئويۇپ ياساپ چىقىش بىلەن بىر مەرمەردىن قىلىپ ياسالغان قەسىردە گۈزەل مەنزىللەرنى، نەفىس رەسىملەرنى ئويۇپ گۈزەللەشتۈرۈپ بېزەپ چىققان. قەسىردە ئەتراپىغا پونتانلارنى ياساتقان»①

«ئابدۇرازاق سەمەر قەندىنىڭ ئەسەرىدە كۆرسىتىشىچە «بۇ قۇرۇلۇشقا چىنىدىن مەخسۇس ئۇستا رەساملارنى ئالدۇرۇپ، چىن نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن دىۋانلەرنى ياسىتىپ ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن رەسىملەر بىلەن بېزەتكەن ئىدى.

تۆمۈر، پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە قولايلىق شارائىتلارنى ھازىرلاش ئۈچۈن چوڭ ھەشەمەتلىك خاندانلىق دىۋانى سالدۇرۇش بىلەن «بۇ دىۋان سارايدا ھەر قايسى پەن ئالىملاردىن تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن پەن - مەدەنىيەتنى راۋاج- لاندۇرۇشتىكى ھەر خىل مۇئەسسەلەرنى تەشكىل قىلدى»① بۇ ئىلمىي مۇئەسسە مەر- كىزىنى چۆرىدىگەن ئاساسدا كۆپلىگەن ئىختىساسلىق بىلىم ئىگىلىرى ئالدىغا قە- دىمكى يونان ۋە رىم ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى چاغاتاي تىلى [ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى] غا تەرجىمە قىلىش، تەتقىق قىلىش ئۇنى شەرق ئەللىرىدىكى پەن - مەدە- نىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى تۆھپىلىرىنى يارىتىشتەك يۈكسەك ۋەزىپىلەرنى قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلىم

---

①②«مىرخۇەندنىڭ «رەۋزە توساپا» ئەسىرىدىن
①«مىرخۋاندنىڭ «رەۋزە توساپا (ھەقىقەتلەر بېغى») دېگەن ئەسىرىدىن
②كېرمان ۋاجىرىنىڭ «بوخارا ياخود ماۋارائۇننەھرى تارىخى ئەسىرىدىن
①كېرمان ۋاجىرىنىڭ «بوخارا ياخود ماۋارائۇننەھرى تارىخى ئەسىرىدىن

مەركىزى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنتتە پەن - مەدەنىيەت يۈكسىلىش بىلەن تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى بويىچە گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، تارىخشۇناسلىق، تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، ئەدەبىيات، سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى.

پەن - مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە سەمەرقەنتلىك ئىمىر تۆمۈر، دىۋان ئوردىسىغا ئالىمىرى - كېيىن بولۇپ توپلانغان كىشىلەر ئىچىدىن بىر مۇنچە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىملار مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئىمىر تۆمۈر خاندانلىقىنىڭ ئالىي دىۋان ئوردىسىدا مەشھۇر تارىخشۇناس ئەرەبشاھ [1392 - 1450]، ئىمزادىن، شاھى خۇاجەمىيايىدىن، مەۋلانەشەرەپىدىن ئەلى يەزدى «ئۇ دەرىيادەك بىلىملىك بولۇپ شۇ زاماندا سەمەرقەنت خوراسان ۋە ئىراقتا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان فازىل مەۋلانە يوق ئىدى. مۇئەممە ئىلمىنىڭ پېشۋاسى بولۇپ يېتۈك ئالىم بولۇپ ئۆتمۈشنىڭ تەرجىمە ھالىنى پارسچە يازغان. ئەسەرى ۋە 1424 - يىلى يازغان «زەپەرنامە» «ھىلال» دېگەن ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن «قەسىدە بۇردە» گە تەسەۋۋۇر تىلى بىلەن شەرھى يازغان. ھېچ كىشى مەۋلانەدەك ياخشى شەرھى قىلمىغان»① بۇ دەۋردە ئاتاقلىق تارىخشۇناس مىرخۇاند پارسچە يازغان «رەۋزە تۇسسافا» (ھەقىقەتلەر باغى) ئابدۇراززاقنىڭ «تۆمۈر تارىخى» ناملىق ئەسەرى ھەر قايسى پەن ئالىملىرىدىن مەۋلانە سەئىدىدىن مەسئۇت ئىبنى ئۆمەر [1322 - 1395] قاتارلىق ئالىملار ئۆز دەۋردە تونۇلغان ئىدى.

مەشھۇر ئەدىپ شائىرلەردىن شائىر ھافىز، خوجەندلىك قەمەنىينىڭ «تۆمۈرنىڭ تەرجىمە ھالى» نى شېئىر بىلەن يازغان.

تەبرىزى ئوغلى شەيخ مۇھەممەتلەر مەشھۇر ئىدى. بولۇپمۇ «ئىمىر تۆمۈر دەۋرىدە مەشھۇر نەققاش رەسساملاردىن كامالىدىن بەھزات — تەسۋىرى سەنئەتنىڭ ئۇستىسى بولۇپ ئۆز زامانىسىدا ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنىڭ نەپىسلىكى، يارقىن، رەڭگى جەھەتتىن شەرقنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن سەنئەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن»① بۇنىڭدىن باشقا مىر سەئىد ئەخمەت نەققاشچىلىقتا ۋە رەسساملىقتا خوجا غىياسىدىن خەلق ئارىسىدا تونۇلغان ئىدى.

ئىمىر تۆمۈر دەۋرىدە باشقىچە پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئوخشاشلا مۇزىكىكۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئالاھىدە تەرەققىي قىلدى. مۇزىكىچىلار ئارىسىدا كومپوزىتورلاردىن خۇاجە ئابدۇللا قول مۇھەممەت شەيخ نەي، ھەسەن ئۇدىلەر خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە نام چىقارغان سازەندىلەر ئىدى. مەشھۇر مۇزىكاشۇناس

---

①مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ئەسىرىدىن

①گېرمان ۋامبېرى «بۇخارا ياخود ماۋرائۇننەھرى تارىخى» 2 جىلدىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خوجەيۈسۈپ بورھانىدىن ئۈز زامانىسىنىڭ داڭلىق مۇزىكىچىسى بولۇپ ئۇ كومپو- زىتورلۇق دەرىجىسىنى يېزىش بىلەن تونۇلغان ئىدى.

ئەمىر تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى شاھرۇخ مىرزا (1376 - 1446) ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھېرات شەھىرىنى پايتەخت قىلغان دەۋر- لەردە خوراسان مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

شاھرۇخ مىرزائۆزى ھەم شائىر ھەم ئالىم بولۇپ تۈركچە پارسچە ئەسەر ۋە شېئىرلەرنى يازغان ئىلىم - مەرىپەت كىشىسى بولغانلىقىدىن ئۇ ئاتىسى تۆمۈرنىڭ يەن - مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن يەنىلا قەدىمكى مەدەنىيەت ئاساسىدا يەن - مەدەنىيەتنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى.

ھېرات شەھىرى سەمەرقەندەك ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە شەھەر قۇرۇلۇشى ئەي- نى زاماندا يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ھەشەمەتلىك شەھەر بولۇشى بىلەن ئىلىم ئەھلى ئەمىر تۆمۈر دەۋرلىرىدىكىگە نىسبەتەن ئىلىم - يەن مەرىپەت ئەھلى تېخىمۇ كۆپ جوغلانغان مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدە- نىيىتى گۈللەندى.

«شاھرۇخ مىرزا دەۋرىدە بۇ جايلاردا ئاتاقلىق مېمارچىلىق ئۇستىلىرىدىن مۇھەممەت سەبزى، قەمەرىدىندىن تەرەپتىن سېلىنغان ئومۇمىي بىنالارنىڭ سانى بىر دەرىجە مىڭغا يەتكەن»① ئىدى.

شاھرۇخ دەۋرىدە ھېراتنى مەركەز قىلغان شاھرۇخ خاندانلىقى ۋە سەمەر- قەندنى مەركىزى قىلغان شاھرۇخ ئوغلى ئۇلۇغبەگ ② (1409 - 1449) خاندانلىقى دېگەن ئىككى خانلىقتا بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغان دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىم- يەن راسا گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. بۇ يەردە شاھرۇخ ئوغلى ئۇلۇغبەگنىڭ تۆھ- پىسىنى مەدەنىيەت تارىخىدا ئوينىغان رولنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى؛ ئۇ ھۆ- كۈمرانلىق قىلغان 40 يىل ئىچىدە سەمەرقەندنى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «ماياك» قا ئايلاندۇرۇشتىكى تۆھپىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇش كېرەك. ئۇنىڭ دەۋرىدە «سەمەرقەندگە يىگىمىدىن سېلىنغان شۇنچە كۆپ ئوردا سارايى مەدرىس، جامە، خانىقا مەسجىدلەرنىڭ كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىكىنى كۆرگەن بابۇر ھەيران قالغان ئىدى① تارىخىي پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇلۇغبەگ شۇ زاماننىڭ يېتىلگەن ئالىمى ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولغانلىقتىن بۇ دەۋردە ئىلىم - يەن زور يۈك- سىلىشكە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ ئىجتىمائىي يەن ۋە تەبىئىي يەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلۇغ ئاسترونوم ئالىمى بولغان ئۇلۇغبەگ ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن ئالىملارنى شۇ جۈملىدىن قازى زادەرومى، غىياسىدىن جەمشىد، موئىيىدىن كاشانى ئۇلا ئەددىن ئەلبىنى مۇھەممەت قوشچى قاتارلىق مەشھۇر ئاسترونوم ئالىملىرىنى توپلىغان ئىدى.

بابۇرنىڭ خاتىرە ئەسەرىدە كۆرسىتىشىچە «دۇنيادا ئەڭ يۈكسەك شاھانە مەدرىس بىنا قىلىشنى پىلانلاپ بۇ مەدرىسىنى ھىجرىيە 828 - يىلى

① «كېرمان ۋامبېرى» نىڭ بۇخارا ياخود ماۋارائۇننەھرى تارىخى 2 - جىلدىدىن
② ئۇلۇغبەگنىڭ خاس ئىسمى - مۇھەممەت تۇرغاي؛
① «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن ئەسەردىن.

[مىلادىيە 1424 - يىلى] دا پۈتتۈرگەن. بۇ مەدرىسىنىڭ ئىچىدىكى دېۋارلىرى يۇقىرى ھەشەمەتلىك ھەر خىل رەڭدىكى زىننەتلىك كاشا كەسەكلەر بىلەن سېلىنغان. مەدرىسىنىڭ تۆت مۇنارىسى بولۇپ كۆرۈنۈش خانىسىغا بۈيۈك مەرمەر تاشلاردىن قويۇلغان.

بۇ مەدرىس خانىسىنىڭ ئايرىم باغچىلىرى، رەسىم خانىلىرى بولۇپ بۇنىڭ دېۋارلىرى جۇڭگودىن تەكلىپ بىلەن كەلتۈرۈلگەن رەسساملار تەرىپىدىن زىننەتلەنگەن.

ئۇلۇغبەك ئۆزى سالدۇرغان مەدرىس ئىشىكىگە «بىلىمگە ئىنتىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر-خوتۇن، قىزلارنىڭ بۇرچىدۇر» دېگەن. ھەدىسنى نەقىش بىلەن ئويۇپ يازدۇرغان.

بۇ ھەدىس سۆزى ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئورنى تۈركىي خەلقلەردە ئەزەلدىن ئەرەب-ئىران خەلقلىرىدىكە قارىغاندا يۇقىرى ئىدى. دېگەننى نامايەن قىلغان.

شۇ دەۋردە بۇخارا، سەمەرقەندتە قۇرۇلغان بۇ خىل مەدرىسەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى يېقىن شەرقتە تەڭداشسىز بولۇپ ئارخىتېكتور ۋە تەسۋىرى سەنئەتتە يۇقىرى ئىككەن-لىكىنى، بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلۇغبەك زامانىسىدا مۇنەۋۋەر ئىلمىي نۇجۇم ئالىمى ۋە ماتېماتىك ئىدى.

ئۇ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشتىكى ئىلمىي ئورنى قىلىپ، سەمەرقەندتە مەشھۇر رەسەتخانە① سالدۇرۇشنى پىلانلاپ، ئاسترونومىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش مەخسىتىدە، بۇ بىنا قۇرۇلۇشىنى ھىجرىيە 832 - يىلى [مىلادىيە 1429 - 1428] سېلىشنى باشلىغان ئىدى. بۇ رەسەتخانىنىڭ بىناسى شۇقەدەر ئۇزۇن مۇددەت پىلانلانغانكى بۇ بىنا قۇرۇلۇشىغا ئۆلىما ئالىملاردىن قازى زادەردى، غىياسىددىن جەمشىد مۇئىيدىن كاشانى ۋە بىن ئىسرائىل سالاھىددىن قاتارلىقلار قاتناشقان بولسىمۇ بۇ ئالىملارنىڭ ھېچ بىرسى ئۇنىڭ تامام بولغانلىقىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. پەقەت يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىر قەدەر ئېنىق كۆزىتىش ئورنىلا پۈتكەن بولۇپ بۇ رەسەتخانىنىڭ پۈتكۈل بىناسىنى ئۆلىما - ئالىم ئەلى قوشچى تاماملىغان ئىدى.»②

بابۇرنىڭ ئەسەردە كۆرسىتىشىچە، ئۇلۇغبەكنىڭ بۇ رەسەتخانىسى [ئوبسېر-ۋاتورىيەسى] 4 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ 1 - قىسىم تۈرلۈك دەۋرلەر ۋە ئەسىر-لەرنى كۆرسىتىش 2 - قىسىم ۋاقىت جەدۋىلى. 3-، قىسىم سەييارىلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىلىش ئورنى، 4- قىسىم باشقا قىسىملار ئەھۋالى قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنگەن بولۇپ ئۇلۇغبەكنىڭ بۇ ئوبسېرۋاتورىيەسىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئەينى زاماندا ھازىرقى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيا قوللىنىشقا پايدىلىق بولغان كوركان ئاسترونومىيەسى جەدۋەلىنى تۈزۈشكە خىزمەت قىلىپ كەلدى. ئۇ ئۆز دەۋرىدە نىسبەتەن زور ئىلمىي كەشپىيات ئىدى.

بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ ئىككى مەدەنىيەت مەركىزىدە توپلانغان

---

① «رەسەتخانا - ئوبسېرۋاتورىيە»

② كېرمان ۋاجىرى «بۇخارا ياخود ماۋرائۇننەھرى تارىخى» 2 - جىلددىن

قەشقەردىن سەمەرقەندكە بارغان.

مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرى ياشىغان دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەند ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىلىم - پەن مەركىزىگە ئايلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى نۇرغۇن ئىسلام ئالىملىرى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە سەمەر قەندكە ئېقىپ ئىلىم ھاسىل قىلىش دولقۇنى يۈكسەك كۆتىرىلگەن زامان بولۇش، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى قەشقەر سەمەرقەندكە مېڭىشنىڭ يېقىن بولۇشى بىلەن ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ يەنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە تۈركىي خەلقلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر بىلەن قويۇق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى، بېرىپ - كېلىش، ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇ دەۋرلەردە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان.

بۇ تارىخىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر كېيىنكى دەۋرلەردە مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇق تۈس ئالغان دەۋر بولۇشى بىلەن، بۇ دەۋرلەردە سەمەرقەندنىڭ پەن - مەدەنىيىتى خېلى راۋاجلانغان ئىدى.

بۇ دەۋرلەردە قەدىمكى قەشقەردىن مەۋلانە مۇھەممەت قاتارلىق نۇرغۇن ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلىم مەركىزى بولغان سەمەر قەندكە توپلانغان ئىدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرىمۇ ئىلىم ئىزلەش ئىشتىياقى بىلەن ئۆز پەرزەنت مىرسەيىت ئەلىنى ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان قەدىمكى قەشقەردىن سەمەر قەندكە بېرىپ قەشقەرلىك مەۋلانەمۇھەممەت بىلەن ئىلىم ھاسىل قىلغان.

ئۆز پەرزەنت مىرسەيىت ئەلىنى شەيخ ھەبىبنىڭ خىزمىتىگە ۋە ئىلىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بەرگەن. ئۆزى خوراسانغا بېرىپ «خوراسان ئالىمى مەۋلانە نىزامىددىننى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئىلىم ھاسىل قىلىش بىلەن پۈتۈن ئەنئەنىۋى بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى تاماملىغان. ئۆز زامانداشلىرى ئارىسىدا زور ئاتاقا ئىگە بولۇپ تونۇلغان ئىدى»① مەۋلانەسەئىددىن قەشقەرى شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى بولۇپ، كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ پەخىرلىك ئورۇن ئىگىلىگەندىن كېيىن خوراساندا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا (1438 - 1505) مىرزا سالدۇرغان «مەلىكان مەدرىسى» دە مۇدەررىس بولۇپ نۇرغۇن ئىختىساسلىق بىلىم ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. مەۋلانەسەئىددىن قەشقەرىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ۋە ئالىم مەۋلانە ئابدۇرەخمان جامى، ماۋلانا ئولائىددىن، مەۋلانە شەمشىددىن رومى قاتارلىقلار خوراسان ئىلىم ئەھلى ئىچىدە ئۇلۇغلۇقتا ۋە ئالىم خانلىقتا ئەھلى ئىلىم ئېتىراپ قىلغان ئالىملار بولۇپ تونۇلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، مەۋلانەسەئىددىن قەشقەرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلمىگەن. مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرى ئۆز زامانىسىنىڭ جاھانشۇمۇل ئالىمى بولۇپ تونۇلغان ئالىم، شائىرلارنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئۇخوراساندا ھىجرىيە 860-يىلى (مىلادىيە 1456-يىلى) 82 ياشتا ۋاپات بولدى.

①مەۋلانە ئابدۇرەخمان جامىنىڭ «نەپەھاتۇلئۇنس» دېگەن ئەسەرىدىن

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا بولۇپمۇ پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بولۇپ پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان خوراسان ئالىملىرىنىڭ دەپتەر بېشىدىكى شەيخۇلئىسلام نامى بىلەن تونۇلۇپ، تۆھپە ياراتقان شائىر - ئالىم مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى (ۋاپاتى 1492) ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرلىرىدە مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرىدىن بىلىم تەھسىل قىلغان. مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرى* (ۋاپاتى 1456) دىن كېيىن مەخدۇمى نۇراخوجە شىھابىددىن مەھمۇتنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ يۈكسەك پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان.

مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يىللىرى شاھرۇخ دەۋرى (1409 - 1449 يىلى يىللار) ۋە خوراساندىكى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا مىرزا (1438 - 1505) يىللىرىدا مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى ئوتتۇرا ئاسىيادا خوراسان ۋە پارس خەلقلىرى ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى شۇنداق ئاتاققا ئىگە بولدىكى، شاھرۇخ مىرزا زامانىدا ھەيران قالارلىق 5 كىشىنىڭ ئەۋۋەلى ئىدى.

ئۇ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق ئورۇن ئىگىلىگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا جاھانشۇمۇل تارىخى ئەھمىيەتلىك زور مەنىۋى بىباھا ئىلمى مىراسلارنى قالدۇردى. ئۇنىڭ پارس تىلىدا يېزىپ قالدۇرغان نادىر ئەسەرلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت. «شاۋاھىدۇننەبۇ ۋە» «نەبىھا تولمۇنىس» «ھەپتە ئەۋنەڭ» (نەزمە ئەسەر 7 توم) «كافىيەنىڭ شەرھى» «ئەدىبىنىڭ نەزمى» «لاۋايىھەشەرھى دىۋان» «مۇئاممار رىسالەي» «نەپاھات 30 جۈزئى» «رىسالەئى موسىقىيۇن» «بەھارىستان جامى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشىدىن باشقا ئۇنىڭ مەنىۋى مىراسلارنىڭ بىر قىسمى «ئۇنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولغان»① ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلشىر ناۋائىيغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان شانلىق نامايەندە سەركەردىلەرنى يېتىشتۈرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

ھىجرىيە 842 - يىلى (مىلادىيە 1439 - يىلى) دۇنياغا كېلىپ 38 ياشتا خوراساندا خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئىبنى مەنسۇر مىرزا ئوغلى - مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنى شەيخۇلئىسلام - پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسىنىڭ قازىسى قىلىپ بەلگىلىدى. ھىجرىيە 888 - يىلى (مىلادىيە 1483 - يىلى) سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا تەرەپتىن ھىرات شەھىرىگە ئىنتايىن كۆلىمى چوڭ ھەشەمەتلىك قىلىپ بىر مەدرىس ياسالغان بولۇپ ئۇنىڭ تاملىرى پاشتاق، ئايۋان، دالان ۋە ھوجرىلىرى ئىنتايىن ئىنچىكە ئىشلەنگەن بۇ مەدرىسكە مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنى مۇدەررىس قىلىپ بەلگىلىدى. جامىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى مەدرىسنىڭ ئورنى بىلەن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشاپ ھىجرىيە 897 - يىلى (مىلادىيە 1492 - يىلى) ئالەمدىن

ئۇ ھىرات شەھىرىدە قۇرۇلغان ئىلمىي ئۇنىۋېرسال مەشھۇر مەدرىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن بۇ مەدرىسىگە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدىن چىققان مەشھۇر مۇتەپەككۇر دۇنياۋى بىلىم ئىختىسادارلىرى ئىگە بولغان كۆپلىگەن مەشھۇر ئالىملار-دىن تاللاپ توپلىدى. ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئىشلىرى ئۈچۈن بىر قاتار كەڭ ئازادە مۇھىت - پايدىلىق شارائىتلارنى ياراتتى. مەدرىستە مۇنتىزىم ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

مەدرىستە كۆپ خىل پەنلەردىن ئەرەب - پارس تىلى، ئىسلام تارىخى ئىسلام پەلسەپىسى، تىل ئەدەبىيات بىلىمى، تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىلمى، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، ئارخىتېكتورلۇق، ھەر خىل ھۈنەر-كەسپىي بىلىملەرنى ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىپ ھەر خىل پەننىڭ ئىختىساسلىق كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھىرات شەھىرىدىكى مەدرىستە ھەر مىللەت خەلقلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملاردىن شەيخ زەينۇددىن، مەۋلانە ئابدۇغوپۇرى، شەيخ نۇرىددىن، مەۋلانە ئابدۇراخمان گازىرگەر، بابا ئەلى شاھ، شەيخ جامى، مۇھەممەت قوجانى قاتارلىقلار.

ھەدىس ئالىملىرىدىن خۇاجە مەۋلانە مەھەممەت سەپھانى، مۇتەپەككۇر داڭلىق شائىرلاردىن شېرىيەت پەننىڭ ئۇستازى ئەلشىر ناۋايى - ھەسەن ئەلى جالايىر (تەخەللۇسى توفەيلى) ئاھى-شېردىۋانى ھىلالىنىڭ «شاھ گادا نەزمى داستانى» شائىر بىنائىنىڭ «شېردىۋانى» شەيخ ئەخمەت (تەخەللۇسى سوھەيلى) مەۋلانە مۇھەممەت باخشى، مەۋلانە شاھابىد-دىن قاتارلىقلار ۋە كامالىكىدىكى نۇرغۇن پەيلاسوپ ئالىم ئەدىپلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنىڭ مۇدەررىس بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدىكى نەتىجىلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدىكى، مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى ئالىملار پەخرى بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىگە قاراپ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى جامىنى «شاھ قارچۇغىسى» دەپ مەشھۇر نام بەرگەن ئىدى.

«ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولغان ئاتىسى كىچىك باخشى»① نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلگەن ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر، سىياسىيون، دۆلەت ئەربابى ئەلشىر - ناۋايى - ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئىپتىخارلىق نامايەندە ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان ئوخشىشى بولمىغان يىتۈك ۋە فازىل ئالىملارنىڭ پەخرى»② ناۋايى خوراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆزگە كۆرۈن-گەن شائىر ئەدەبىياتشۇناس بولۇپ ھىجرىيە 845 - يىلى (مىلادىيە 1441 - يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن.

ناۋايىنىڭ ئائىلىسى ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەھلى

①②«مىرزا ھەيدەر گورگانىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ئەسىرىدىن

بىلەن ئالاقىدار ئىدى. ئۇ كىچىكىدە مىرزا ھۈسەيىن بايقارا بىلەن دوست ۋە ساۋاقداش بولغانىدىن تارتىپلا ئىلىم – مەرىپەتكە ۋە ئەدەبىياتقا ئىشتىياقى بىلەن بېرىلگەن. ناۋايىنىڭ ھاياتىدىكى ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا جامى مۇھەممەت ھېكىم بىننى سەيت مەسۇمخان تەرىپىدىن يازغان «مىتەزلىپ «ئالتۇۋارغ» ئەسىرىدە يېزىلىشىچە «ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلىم – پەن مەركىزىلىرىدىن بولغان سەمەرقەنتتە سۇلتان ئەبوسەئىد (1424 – 1469 – يىللار) نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئەبوسەئىد ئوغلى سۇلتان ئەخمەت مىرزا (ۋاپاتى 1493 – يىلى) دەۋرىدىكىن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا (1439 – 1505) دەۋرلىرىدە ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش ۋە كامالەتكە يەتكۈزۈشتە شۇ چاغدىكى ئەڭ بىلىملىك تەڭداشسىز ئالىملاردىن بىلىم ئېلىپ قەلەمدە يېتىلگەن ئىدى.

ناۋايى ئۆزى ئېيتقاندەك «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چېچەن ناتىقلىرىدىن تۈركىي سۆز ماھىرلىرىدىن بولمىش مەۋلانە سەككاكى (1393 – 1449) مەۋلانە لوتفى (1366 – 1465) لار① ئۇنىڭ ئەسىرداشلىرى ئىدى.

ناۋايى – پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بولغان شائىر ۋە ئالىم مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى بىلەن زامانداش ۋە ئۇنىڭدىن بىۋاستە تەلىم ئالغان ئىدى.

ناۋايى ئۆمۈر بويى قەلەم بىلەن شۇغۇللىنىپ شۇ دەۋرنىڭ «تۈركىي شېئىرىدە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بۇ مىقداردا ئۇنىڭدىن ئارتۇق شېئىر ئېيتىمىغان ئۇ بۇ پەندە ئۇستاز ئىدى.②

دېگىنىدەك ئۇ شۇ چاغدىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئوخشى بولمىغان ئۇ شۇنچىلىك يېتىلگەن ئىدىكى، جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىگە ئايلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا پەن – مەدەنىيىتىگە ئاجايىپ ھەسسە قوشتى.

ناۋايى تۈركىي تىلىدا يىرىك گۈزەل ئەسەرلەرنى يارىتىش بىلەن ئۇنىڭ تۈركىي تىلىدا يازغان شېئىرلىرى مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنىڭ فارس تىلىدىكى شېئىرلىرىدەك مەشھۇر ئورۇننى ئىگىلىگەن.

ناۋايى شۇ دەۋرنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئەرەب – پارس ئەدەبىياتىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگەندى. پارس ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن فىردەۋسى، ئۆمەر ھەييام، شېيخ سەئىدى، ھافىز، شىرازى خىسراۋدىھلەۋى (1242 – 1325 ). جامى قاتارلىق ئالىم – شائىر پەيلاسوپلارنىڭ كىلاسسىك قەدىمكى ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش بىلەن پارس تىلىدا نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يازدى. «پارس ئەدەبىياتىدا تەخەللۇسى: فانى»③ ئىدى.

ناۋايىنىڭ پارس تىلىنى بىلىش ئىقتىدارى ئۆز دەۋرىدە خوراساندا داڭقى چىقىپ ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان. ئۇ خۇاجا ھاپىز دىۋانىغا پارىچە

---

①«نەلشىر ناۋايى – غەزەللىرى – شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 – يىل نەشرى

②مىرزا ھەيدەر كورگانىنىڭ «تارىخى رەشىدى» ئەسىرى

③«مىرزا ھەيدەر كورگانىنىڭ «تارىخى رەشىدى» ئەسىرىدىن.

جاۋاب يازغان داڭلىق ھىندى شائىرى «خىسرو دېھلەۋىدىن كېيىن قەسىدەئەبرار» دا ھېچ كىم ئۇنىڭغا قەدەر يازالىغان ئەمەس»① ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدىكى، ناۋائىي پارس ئەدەبىياتىنى پۇختا ئۆگىنىپ پارس ئەدەبىياتىدا ھېچ يېتەلمىگەن ئاتاقلىق ئەرباب دېگەنلەرگە ئولۇشۇپ ئالىدىغانلىقىنى نامايەند قىلغان.

ناۋائىينىڭ زور تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇ يىراقنى كۆرەرلىك چوڭقۇر ئويلاشتەك ئەقىل - پاراسەت، چېچەنلىك ۋە تەدبىرلىك ھالدا قەيسەر سەركەردە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالىجاناپ ئىشلارنى نىشان قىلغانكى، ئۇ كورەش ۋە ئىزدىنىش ھېسسىياتى بىلەن شۇ دەۋردىكى پارس يازغۇچى شائىرلارنىڭ قارشىلىقىغا پەسەنت قىلماي، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان شائىرانە جاسارەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ شۇ دەۋردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ پارس ئەدەبىياتىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى نامايەن قىلدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدىكى چاپالىق ئەمگەك بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىنى پارسلاشتۇرۇش شامىلىغا قارشى ھالدا چاغاتاي تىلى (ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى) دا ئۆتكۈر شېئىرلارنى بايان قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ چاغاتاي تىلى بىلەن شانلىق بىباھا قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

ھەممىگە ئايانكى، چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھازىرقى شىنجاڭ بىلەن ئامۇ دەريا ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي تىلى — ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى) ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. 14 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ھازىرقى شىنجاڭدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدى. «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام ھەرگىز موغۇل تىلى دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ، «چاغاتاي» ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغىنىمىزدا دۇنيادىكى نۇرغۇن تىلشۇناس ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي خۇلاسىسى شۇنى كۆرسىتىدىكى، «چاغاتاي» ئەدەبىي تىلى تۈپ ماھىيىتى بىلەن شۇ زاماندىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان قاراخانىلارنىڭ (تىلى. خاقانىيە تىلى) بۇ توغرىدا مەخمۇت قەشقىرىمۇ ئەڭ چىرايلىق توغرا تىل خاقانىيە تىلى دېگەندەك. مالۇم، «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يادىكارلىقى دەپ جاكالىغاندەك، ئۇيغۇر تىلى يەنى قەشقەر تىلى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. شۇنداقلا «چاغاتاي» ئەدەبىي تىلىغا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ جانلىق تىلى، بۇ تىلغا دىئالېكت ئاساسى بولۇپ بەرگەن. دېمەك، «چاغاتاي» تىلى تۈپ ماھىيىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تىل بولۇپ بۇ تىل ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەرگىچە ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە

---

①«مىرزا ھەيدەر كورگاننىڭ تارىخى رەشىدى ئەسىرىدىن.

تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلدى. تارىختا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئەنە شۇ تىل مەيدانغا كەلگەن. ئەدەبىياتمۇ «چاغاتاي» ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

يازما ئەدەبىياتىمىز ئەدەبىياتنىڭ تېپى، تايانچىسى بولغان بۇ تىلنى ناۋايى جەسۇرانە قېيسەرلىك بىلەن قوغداپ، بۇ تىلدىن چەتنەشكە بولمايدىغانلىقىنى مۇشۇ ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شائىلىق ئۆچمەس ئەسەرلەرنى ئۆز ئانا تىلى بىلەن يېزىپ يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

شۇنداقلا يازما ئەدەبىياتىمىزغا يېڭى دەۋر ئاچقان ئىدى. بۇنىڭدىن ناۋايىنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىش يولىدىكى **گۈرەشتە** جاسارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ناۋايى ئۆز ھاياتىدا ئۆز ئانا تىلى بىلەن يازما ئەدەبىياتىمىزغا شۇنچە مول ئەسەرلەرنى يارىتىپ بەرگەنلىكى جەھەتتە مەشھۇر تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كوراگان قەشقىرى ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى بولغان «تارىخى رەشىدى» ئەسىرىدە ناۋايى ئۈستىدە توختىلىپ «ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ۋە ئۆز زامانداشلىرى ئىچىدىمۇ ۋە كېيىنكىلەردىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭلەشكەن ئەمەس. شۇ چاغلاردا خەلقلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان تەڭدىشى بولمىغان يېتۈك فازىللارنىڭ تولىسى ئۇنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققان. شۇ دەۋردە يېتىلگەن ئەھلى فازىللاردىن ئۇنىڭ تەربىيەت ۋە يارىدەمنى كۆرمىگەن كىشى يوق» دەپ يۇقىرى باھالىغانىدەك ناۋايىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى، بىباھا ئىلمىي ئەسەرلىرى قالدۇرۇشى ئۇنىڭ ئۆچمەس ئەسەرلىرىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىن مەڭگۈ كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئېلىشى، ئۇنىڭ ئىلمى ئەمگىكىنىڭ قىممىتى شۇ دەۋردىكى ئىلىم پائالىيىتىنىڭ يىرىك مەھسۇلىدىن ئىبارەت.

ناۋايى ياراتقان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ تېمىسىنىڭ كەڭلىكى مەزمۇنىنىڭ باي چوڭقۇرلىقى، مەنتىقى كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكى ۋە تەپەككۇردىكى پەلسەپىۋى نەزەرىيىۋى قىممىتىنىڭ بىرپۈكلىكى بەدىئىي جەھەتتىن يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆزى ياشىغان دەۋردىلا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆچمەس ئەسەر بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تىلغا ئېلىنىپ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي تەسىر قوزغىغانلىقىدىن تاكى 500 يىلدىن بىرى ھەر مىللەت خەلقلىرى ناۋايى ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى. ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. شۇڭا ناۋايىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىم - پەن مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تۆھپىكارلىرىدىن بىرى دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز. ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت.

«خەمسەئى ناۋايى» «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» «سەبئە سەييار» «لىسانۇتتەيىر» «بەدائى ئەسكەندەرى» «فەرھاد — شىرىن» «ئەلئەنبىيائى» «فەۋا-

ئىدۇلكىبەر» «بەدايىئۇل ۋەسەت» «بەدائىئۇل بىدايە» «ئەربەئىنى ھەدىس مەنزۇم» «مۇلۇكى ئەجەم» «ئەسسالاتىن» «ھەيرەتۇلئەبرار» «ئەلمۇغەتتۇتتۈركىيە ۋانىيە ۋە لىسسەتتۇنادا تولمىچىغا تائىيە» «لوغاتى ناۋايى» «مەجالىسۇننەفائىس» «مەجنۇن ۋە لەيلى» «مەھبۇ-بۇلقۇلوب» «مۇناجات» «مىزانۇلئەۋزان» «نەسائىمۇل مۇھەببەت» «نەزمۇلجەۋاھىر» «نەۋادىرۇششەبە باب» «ۋەقفنامە مەدرەسە ئىخلاسىيە» «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەين» «تەزكىرە تۇلئەۋلىيا» قاتارلىق كۆلەملىك شېئىر ۋە داستانلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدە-بىياتىدىكى بۈيۈك نامايەندىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىش بىلەن ئەشۇ زامان ئەدەبىياتىدىكى پەلسەپىۋى ۋە ئىلمىي نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە دەلمۇ - دەل جاۋاب بېرىش ئار-قىلىق شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئىلغار ۋە زور قىممەتكە ئىگە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى زور تارىخىي تۆھپە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى-نىڭ بەدىئىي جەھەتتىن يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئىنسانىيەت ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى ۋە تۆھپىكارى بولغان ناۋايىنى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئالىم دەپ ئاتاشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

ناۋايىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۆھپىسى ئەسىل ئەسەر-لىرىنىڭ تارىختىن مەڭگۈ كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئېلىپ كەلگەنلىكى بىلەنلا ئەمەس، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىلىم - پەن مەركەزلىرىدىن بولغان سەمەرقەند ۋە خوراساندا يارىتقان نەتىجىلىرى ھەم كۆپ ھەم چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ زاماندىشلىرى ئىچىدە ھېچ قايسى ناۋايىدەك ھەم كۆپ، ھەم چوڭ نەتىجە يارىتالىغان ئەمەس ئىدى.

ناۋايى ئىجادىي پائالىيىتىنى دەسلەپ سەمەرقەندتە سۇلتان ئەبۇسەيىد مىرزا ئوغلى سۇلتان ئەخمەت مىرزا دەۋرىدە باشلىنىپ، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا خوراسان-دىكى 1469 - يىللاردا ناۋايى «ئۆزىنى سۇلتان ئەخمەت مىرزادىن سوراپ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ قېشىغا خوراسانغا باردى»① سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ تەك-لىپى بىلەن بەلغ دە ئەمىرلىك خىزمىتىدىن كېيىن خوراسان خاندانلىقىنىڭ ئور-دىسىدا ۋەزىرلىك خىزمىتىگە ئولاشقاندىن كېيىن ناۋايىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيى-تىگە تېخىمۇ كەڭ ۋە ئازادە مۇھىت يارىتىلغان دەۋرى بولدى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى فېئوداللىق ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ئىقتىسادىي ھايات مۇقىملاشقا سە-ۋەب بولدى.

ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان خوراسان - ھىرات شەھەر-لىرى مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ راۋاجلاندى، بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى جەمئىيەت بىر قەدەر تىنچ بولغاچقا مەدەنىيەت گۈللەندى. بولۇپمۇ خانلىقنىڭ سۇلتانى بولغان ھۈسەيىن بايقارا ئۆزى ئوقۇمۇشلۇق بىلىم ئىگىسى بولغانلىقىدىن ئۇ بىلىملىك، يېتىلگەن ئۆلىما ئالىملارنى قەدىرلەپ ھۆرمەتلىگەنلىكتىن «باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمان ئۆلىما ئالىملار شائىر يازغۇچى، سىزغۇچى، چالغۇچى ۋە بارلىق پەننىڭ ئۆتكۈر

①ھاجى مۇھەممەت ھەكىم بىننى سەيد مەسۇمنىڭ «مۇنتەخەب التوارىخ» دىن.

ئىلىم ئىگىلىرى ئۇلۇغ مەشايىخلار شۇ دەۋردە توپلاندىكى ھېچ بىر پادىشاھنىڭ ئالدىدا مۇنچىلىك ئىلىم ئەھلى ئۇلۇغلار توپلانمىغان ئىدى»① سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا چاغىدا خوراسان ۋە ھىرات شۇ دەۋردە تولۇق بولدىكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن مۇنداق تولۇق بولمىغان ئىدى. ھىراتتا تېرىغۇچىلارنىڭ سانى نەچچە مىليونغا يەتكەن ئىدى»②

رافىئىنىڭ ئەسەرىدە كۆرسىتىشىچە، ھىرات شەھىرىدە نەچچە مىڭلىغان مەدرىس مەسچىت خانىقالار سېلىنغان. خانلىق ئوردىسى شۇنداق كاتتا ھەشەمەتلىك سېلىنغان ئىدىكى، ئوردىنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا باغ - باغچىلار ۋە چىمەنزارلىق بىلەن قاپلانغان. بىر قانچە دىۋان سارايىنىڭ سېلىنىشىدىن قارىغاندا يەتتە ئىقلىمدا بۇنداق گۈزەل ئوردا بولمىغان» دېيىلگەن:

«سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھىرات شەھىرىدە ناۋائىينىڭ رىياسەتچىلىكى بىلەن كۆلىمى ئىنتايىن كەڭ، ھەيۋەتلىك ۋە بۈيۈك بىر كىتابخانىنى سالدۇرغان. (بۇ ئەمەلىيەتتە يازغۇچىلار سارىيى ئىدى) بۇنىڭدا بىلىملىك يازغۇچىلار، سىزغۇچىلار ئالىملار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ بىر مۇنچە يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىنى يېزىش، سۈرەت سىزىش ياساشتەك سىزما ئورۇنلىرى ھازىرلانغان ئىدى»③ بۇ ئورۇنغا ھەر خىل پەنلەرنىڭ ئۆلىما - ئالىملارنىڭ بارلىقى ھىراتتا بىر قەدەر بىر ئۆمۈر سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ دۆلىتىگە جۇغلانغان ئىدى.

ناۋائىي مانا مۇشۇنداق چاغدا ۋەزىرلىك خىزمىتىدە قىممەتلىك ئۆمرىنى دامامەن تاتلىق ۋە ياخشى ئىشلارغا بېغىشلىدى.

ناۋائىي - خوراسان ۋە ھىراتتا توپلانغان دۇنيا ۋە پەن ئالىملارنىڭ ئىلىم - پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بېرىشتە ھەر قايسى جايلاردىن ھىراتقا جۇغلانغان ئالىملارغا ئىلىمدا ئەركىن بولغان شارائىتنى ياراتتى: بىلىم ئىگىلىرى ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئىزچىل قەدىرلەپ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشتى.

ناۋائىي ھىراتتا ئىلىم - پەن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى كەڭ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدىكى ۋە سىرتىدىكى تېخنىك ھۈنەرۋەنلەرنى توپلاپ «مەدرىس، مەسچىت، قىرائەتخانا، دوختۇرخانا، ئوردا سارايى ئايۋان سارايلىرى قاتارلىق 370 تىن ئارتۇق بىنا سالدۇردى»④ «پەقەت ناۋائىي نامىدا «قۇددۇسە مەسچىدى» «ئىخلاسىيە مەدرىسى» «خالاسىيە خانىقاسى سېلىنغان ئىدى»⑤ ئۇ خوراسان ئوردىسىدا ۋەزىرلىك خىزمىتىدە خوراساندا ئېچىلغان مەدرىس قىرائەتخانىلارنىڭ

---

①«تارىخ رافىمى ئەسىرىدىن

②«جامى مۇھەممەت ھەكىم بىننى سەيىدەسۇمنىڭ منتخب التوارخ ئەسىرىدىن

③مىرزا ھەيدەر كوركان قەشقەرىنىڭ «تارىخى رەشىدى» ئەسىرىدىن.

④كېرمان ژامىرىنىڭ «بۇخارا ياخود ماۋرائۇننەھرى تارىخى 2 - جىلدىتىن

⑤«ئەرسلان تىزى ئوغلىنىڭ» تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا قۇرغان كېمەلخانىسى توغرىسىدا دېگەن ئەسىرى

پۈتۈن ئەسلىھەلىرىنى تەرتىپ توپلىدى:

كۆلىمى كەڭ، مەزمۇنى مول، ھەر خىل يېزىقتىكى ئەسەرلەر قويۇلغان بۇ چوڭ كۇتۇپخانىدا (يازغۇچىلار سارىيى) نى يولغا قويۇش بىلەن پۈتۈن ئىلىم-پەن ئۈچۈن» ئىشلىتىلگەن كۈندىلىك مەبلەغ 12000 دىنار شاھرۇخقا يەتكەن»② بۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى پەن ساھەلىرىنىڭ ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ ياتاق ۋە شاھانە ئۆيلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش بىلەن ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجىنى قامدىغان ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ناۋايى خوراسان خاندانلىقىنىڭ مالىيىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلىم - پەن ئۈچۈن سەرپ قىلدى. بابۇر (1483 - 1530) ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە ناۋايى ھېراتتا بىر كېسەلخانىنى تەسىس قىلىپ ئورۇن كېسەللەرنى داۋالىغان» دېيىلگەن. ناۋايى ئورغۇن ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىنى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ قوللىشى بىلەن بىنا قىلدى. ئۇنىڭ كۆپلىرى ھازىرقى كۈندە مائارىپ ئالتۇن دەۋرىنىڭ گۇۋاھچىلىرى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

تارىخچى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، «ھېچ كىشى ناۋايى بىنا قىلغان ئىمارەتلەردەك كۆپ ئىمارەت بىنا قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان① ناۋايىنىڭ بۇ زور تۆھپىسى ئالىيجاناپ پەزىلىتى بىلەن خوراساندا تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىختىدارلىق ئەھلى ئەدىبلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ناۋايىنىڭ بۇ زور نەتىجىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ كەلدى.

بۇنىڭ بىلەن خوراساندا تەبىئىي پەن جەھەتلەردە يۈكسىلىشلا ئەمەس، ئىجتىمائىي پەندىكى، تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشى بۈيۈك دەۋرلەردىكىدىنمۇ تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئىلىم - پەن گۈللەپ ياشنىغاندەك ئىلمىي مەنزىرە بارلىققا كەلگەن.

ئۆز زامانىسىدىكى ھېرات شەھىرىدە داڭقى كەتكەن، ناھايىتى ئورغۇن ھەر خىل يېزىقتىكى پەنلەرگە ئائىت ئەڭ ياخشى نادىر ئەسەر ۋە كىتابلار قويۇلغان بۇ كىتابخانا ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشنىڭ بىر خىل مەركىزى بولۇش تۈپەيلى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا ھۈنەر - سەنئەت جەھەتلىرىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن بىلەن ئەينى زامان ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىم جايى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ كۇتۇپخانا ئورگىنىدا ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان زور قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ كۇتۇپخانىدا قەدىمكى مەدەنىي مىراسلارنى يىغىش، ساقلاش، كۆچۈرۈش تۈزۈمى، كىتاب تاپشۇرۇش تۈزۈمى، سېلىشتۇرۇپ مۇندەرىجە تۈزۈش بۆلۈم تۈزۈمى، كىتاب نۇسخىلىرىغا باھا بېرىش - بېكى-

---

①② مىرزا ھەيدەر كورگاننىڭ تارىخىي رەشىدى ئەسىرىدىن

تىمش تۈزۈمى، كىتاب ساقلاش تۈزۈمى قاتارلىق كۇتۇپخانا خىزمىتىدە بىر يۈرۈش ئىلمىي سىستېما شەكىللەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن كەڭ كۆلەمدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىرات شەھىرىدە قۇرۇلغان كۇتۇپخانىنى ئەينى زاماندا «كىتاب ئىشلەپچىقىرىدىغان جاي» دەپ ئاتىغان ئىدى.

بۇ كۇتۇپخانىنىڭ يېزىش بۆلۈمىدە ھەر خىل پەنلەرنىڭ ئىختىدارلىق ئالىملىرى، مەشھۇر خەتتاتلار، رەسساملار كىتابلارغا ئالتۇن ھەل بېرىدىغان ئۇستا كىتاب مۇقاۋاچىلىرى توپلانغان.

ئەينى دەۋردە مەخسۇس ئەسەر يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان ئۆلىمالارنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقتىن ئۆز زامانىسىدا ئۇرغۇن ئالىم شائىر ئەدىپلەر، يېرىك ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

كۇتۇپخانىدىن خەتتاتلار ئەسەر كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىناتتى. شۇڭا خەتتاتلىق تەرەققىي قىلغان.

«چاغاتاي» يېزىقىنىڭ قولىيازما شەكىللىرىنىڭ بىر قانچە خىللىرى «خەتتە- قولىيازما ئەسەرلەرنى چىرايلىق، گۈزەل قىلىپ كۆچۈرۈشتە قوللىنىلغان.

«خەتتەنەستەئلىق» شەكلىنى مىر ئەلى تەبرىزى ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇ كىشى شۇ دەۋردە ئۆتكەن خەتتاتلارنىڭ مەشھۇر ئۇستازى ۋە بۇ پەندە ئالىم ئىدى. مىر ئەلى تەبرىزى پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەتتاتلىق ئىلمىدە مەۋلانە جەبەنى «خەتتەنەستەئلىق» شەكلىدە ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق يازالايدىغان ئۇستا قىلىپ يېتىشتۈردى.

«خەتتەسولوس» «خەتتەنوسوغ» «خەتتەرۇتائى» «خەتتەمۇھەققىق» شەكىللىرىنى يېزىشتا داڭ چىقارغان مەۋلانە ئابدۇللا، بۇ شەكىلدە ئۇستا بولۇپ تونۇلدى. مەۋلانە مۇللا، مەۋلانە ئابدۇللا «چاغاتاي» يېزىقىنىڭ قولىيازما شەكىللىرىدە قوللىنىدىغان بۇ خىل يېزىق خىللىرىنى پۇختا، چىرايلىق، كۆركەم يېزىشتا ھافىز بوتەئەلمۇت كاتىپ سەمەر قەندى، مىر ئابدۇللا مەۋلانە ھەزىنە مەۋلانە شەيخ. ئابدۇللا خارازمى، مەۋلانە مەھمۇت، ھەنەفى قاتارلىق خەتتات ئالىملارنى يېتىشتۈرۈلگەن.

ھىرات شەھىرىدىكى كۇتۇپخانىدا ساقلىنىدىغان قەدىمكى قولىيازمىلارنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى مەخسۇس خەتتات ئالىملىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ قەدىمكى قولىيازمىلارنىڭ ماۋزۇلىرى، ۋە ئىسمى قەيتلىرى، ھەم لەۋھەلىرى شۇ زامانىسىدا

كۆپراق «خەتتەنەستەئلىق» «خەتتەسولوس» «خەتتەدوسەخ» نۇسخىلىرىنى قوللىنىش بىلەن يەنە باشقا نۇسقىلىرىمۇ قوللىنىپ كەلگەن ئىدى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ھىرات كۇتۇبخانىدا كۆچۈرۈش تۈزۈلى بويىچە قويۇلىدىغان قەدىمكى قولىيازمىلارنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى بىرنەچچە نۇسخە قىلىپ كۆرچۈرۈلگەندىن كېيىن، تۈزۈم بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسىدىكى مەۋلانە مۇللاقاتارلىق ئالىملار كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنى ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ، نۇسخىغا باھا بېرىپ تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن كۇتۇبخانىغا قويۇلاتتى. خەتتات ئالىملىرى يازمىغان، ئەسلى نۇسخىغا سېلىشتۇرۇپ نۇسخىغا باھا بېرىلمىگەن كىتاب - قولىيازمىلار كۇتۇبخانىنىڭ كىتابى ھېسابلانمايتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈش لازىمكى، شۇ دەۋرلەردە قەيت خەتتاتلارغا شۇنداق ئىلمى تەلەپ قويۇلغانكى، ئۇسلۇبسىز خەتنى خەت ھېكداي بولمايدۇ» دېگەن

كۇتۇبخانىنىڭ رەسساملىق سەنئىتىدە مۇزەپپەر مەنسۇر ئوغلى قاتارلىقلار مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ئۇلار بۇ پەندە ئۇستاز ئىدى. ھىرات كۇتۇبخانىسىدا قويۇلىدىغان قولىيازمىلارنىڭ ئىچكى - تاشقى تىتۇل مۇقاۋىلىرىنى نەفىس رەسىملەر بىلەن بېزەش، كىتاب ئەسەرلىرىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىنى سىزىش سەنئىتىدە ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنىڭ نەپىسلىكى، يارقىن رەڭگى چەھەتتىن ھۆسنىلىك، ھەشەمەتلىك، مۇقاۋىلىرى ئىنتايىن كۆركەم بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەسۋىرى سەنئىتىدە ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىگەن. قەلىمىنىڭ ساپلىقى، نازۇكلىقى، رەسىم چاتىملارنىڭ ئىنتايىن مەھكەملىكى بىلەن كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزى قاماشتى. «بۇ ئۇستىلار ناۋايىنىڭ تەربىيە قىلغانلىقىدىن ئىدى»①

شۇ دەۋرلەردە رەسساملىق سەنئەت ئىجادىيەت بىلەن تۈھپە ياراتقانلاردىن شاھ مۇزەپپەر، بەھزادە، قاسىم ئەلى، مەخسۇت دەرۋىشلارنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇلار رەسىم ئىجادىيەتلىرىدە خىلمۇ - خىل سېيۇژىتلەرگە ماھىر بولۇپ بۇلارنىڭ سىزغان رەسىملىرى شاھ ئوردىسىدا ئالقىشقا سازاۋەر بولۇپلا قالماستىن خەلق ئاممىسى ئىچىدىمۇ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بولۇپمۇ خەلق ئاممىسى تەرەپتىن يارىتىلغان مەنزىرىلەرنى مەسچىت، مەدرىس خانىقا تام، ئۆي قورۇلۇشىنى ئىپادىلىگەن تەسۋىرى سەنئەت رەسىملىرىمۇ ئۆز زامانىسىدا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىدى دەپ باھالانغان. بۇ تەسۋىرى سەنئەتنىڭ قىممىتى پەقەت رەسساملارنىڭ ئۇستىلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن گۈزەل ئىشلىگەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى رەسىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قۇرۇلۇش سەنئىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى ھەممىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە تەسىرلىك قىلىپ يېزىشى بىلەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

---

① مىرزا ھەيدەر كوركان نىڭ «تارىخى رەشىدى» ئەسىرىدىن

شۇ دەۋرنىڭ رەسسام سەردارى دەپ ئاتالغان شاھ مۇزەپپەر ئۇغاى مەنسۇر-نىڭ، شاگىرتى دەرۋىش مۇھەممەتنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، ئۇ بىر دان گۈرۈچكە بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ نەيزە تاتقان سۈرىتىنى سىزغان. نەيزە ئۇچىدا بىر شىر كۆتەرگەن. بىرنىڭ بارلىق چوڭلۇقى بىر دانە گۈرۈچ بولۇپ، بۇنىڭغا شۇنچە گۈزەل نەقىشلەرنى سىزدۇرغان. بۇنىڭ بۇ رەسىم ھەممە تاماشىبىنلارنى ھەي-ران قالدۇرغان. دېمەك بۇ، رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

نەققاشلىق سەنئىتىدە مەشھۇر مەۋلانە مىرەك نەققاشنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئاجايىپلىرىدىن بىرى بولۇش بىلەن بەھزات-نىڭ شاگىرتى نەققاش ماھىرى ئىدى. ئۇ سارايى نەققاشلىرىدىن بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرى سارايى ئوردىسىدا نەققاشلىق سەنئىتى بىلەن ئۆتكەن.

شۇ دەۋرلەردە نەققاشلىقتا يىگانە بولۇپ ئاتالغان ئۇستا بابائەلى ھاجىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

نەققاشلىق سەنئىتىدە خوراسان بويىچە شۇنداق يىگانە ئىدىكى، بىر مەجلىس (مۇھاكىمە ئورنىدا) ئۆز سەنئىتىنى نامايەن قىلىشتا ئەللىك يېرىم يومۇلاق تارتقان بۇ دائىرىلەرنى پوركا بىلەن كۆرگەندە ھېچ بىرى بىر-بىرىدىن قىل ئۇچى چوڭ-كىچىك ئەمەس بولۇپ چىققان. بۇنىڭ نەققاشلىقتىكى سەنئىتىگە ھەممە ئاپىرىن ئوقۇغان. ئۇ بۇ سەنئىتى بىلەن يۇقىرى باھالانغان.

ھىرات كۇتۇپخانىسىدا قويۇلىدىغان كىتاب - قوليازمىلارنىڭ مۇقاۋى-لىرىغا ئىچكى، بەتلىرىگە ئالتۇن ھەل بېرىدىغان ئۇستىلاردىن مەۋلانە مەھمۇت مەۋلانە جونەيد، ھىساممىدىن غەدارەكى، مەۋلانە ۋەلى مۇللايۇسۇپلار داڭلىق ئالتۇن يالىتىشنىڭ ئۇستىلىرى بولۇپ شاھانە ئەسەر ۋە مەشھۇر كىتابلارغا ئالتۇن يالاتىش-نىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئىدى.

كىتاب - ئەسەرلەرگە ئالتۇن يالىتىش ئىنتايىن ئازۇك ئىش بولۇپ بۇلار بۇنى يېڭىچە ئىشلىتىشتە ماھارەت كۆرسەتكەن.

بۇ پەندە مەۋلانە مەھمۇتنى تىلغا ئالمىسىمىزدا ئۇ بۇ پەندە ئۇستىكار بولۇپ تونۇلغاندىن كېيىن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۈچۈن بىر دىباچە ئىشلىگەن. ئۇ دىباچىنى 7 يىل ئىشلىگەن بولۇپ شۇنداق يېڭىچە ئىشلىگەنكى، بىر ئورۇنغا 50 يوپۇرماق سانالغان نەرسىنى بىر نوخوت مىقدارى يەرگە سىغدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن بىر قانچە بىلىمنىڭ ئۇستىكارى دەپ تونۇلغان ئىدى.

بۇ دەۋردە ھىرات، خوراساندا مۇزىكىچىلىق (نەغمىچىلەر) ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان ئىدى. بىز بۇ يەردە ھىراتتا مۇزىكا «پىرى» دەپ ئاتالغان ھافىز بەسەرنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، ئۇ خۇش ئاۋازلىق ئاتاقلىق مۇزىكانت ھەم پىشقەدەم شائىر ئىدى.

تارىخى رەشىدىدى» كۆرسىتىشىچە، ئۇنىڭ بىر باغچىسى بولۇپ باھار پەسلىدە بۇ باغچىدا مۇزىكا بىلەن شېئىر ئوقۇلغان ئىدى. فاختەك، بۇلبۇل، تومۇچۇققا ئوخشاش قۇشلار چۆرىسىگە توپلىنىپ باش مۇرداپلىرىگە قونۇپ ئۇنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش بىلەن قوشۇلۇپ سايرار ئىدى»، دېيىلگەن. ئۇ ئۆمرىدە بىر قانچە شاگىرتلىرىنى ئۇزۇن يىللىق تەربىيىلەش ئاساسىدا ئۇستا مۇزىكانت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ كەلگەن. مەسىلەن: ھافىزھەسەن ئەلى ئۇنىڭ داڭلىق شاگىرتى بولۇپ ئۇ چالغۇ ماھىرى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ زىل، ناخشىلارنى تولۇق ئوقۇيتتى. ئۇ ناخشا ئېيتقاندا ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق ئىدى.

يەنە شۇ دەۋرنىڭ نامدار مۇزىكانتلىرىدىن ھافىزھاجى ھەم شائىر خوجە ئابدۇللا مەرۋايىتلار، ئاتاقلىق شائىر مۇزىكانت ھىلالى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ قالۇندا تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇ قالۇننى شۇنداق ساز قىلاتتىكى ئۇ بار يەردە باشقىلارنى سازغا رىغبەتلەندۇرمەيتتى. شۇڭا ئۇ قالۇننىڭ ئالىمى، ھەممە چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ باش پېشۋاسى بولۇپ، ھەممە پەزىلەتلىرى بىلەن باشقىلارنى بېسىپ چۈشەتتى. باشقا چالغۇ سازلاردا ئۇستا سەيد ئەخمەت، مەزھەرئۇدى بۇ ئىككىسى ساز چالغۇچىلارنىڭ ئىلغارلىرى ئىدى. ئامما، قول مەھەممەتمۇ سازەندە نامى بىلەن تونۇلغان.

ئۆتكۈر مۇتەپەككۈر، شائىر ئالىم، داۋايىمۇ مەشھۇر مۇزىكشۇناس، خوجە يۈسۈپ بۇرھانىدىن غۇلام مىرغازىلار مۇزىكا ئىلمىدە ئۆتكۈر مۇزىكىچى بولۇش سۈپىتى بىلەن كومپوزىتورلۇق نەزەرىيىسىدە ئەسەر يازاتتى. شۇ دەۋرلەردە چالغۇ سازلىرىدىن تەنبۇر، قالون، ساتار، راۋاپ، سۇناي، داپ، نەي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەتنىڭ گۈلزارى بولۇپ، ئۇ يەنىلا ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مىراسلىرىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى يېزىشتا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش رىئال ئەھمىيەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇراجىئەتنامە

بېيجىڭدىكى بارلىق مىللەتپەرۋەر

ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىگە:

مۇشۇ ئاينىڭ 29- كۈنى مەركىزى

مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بېيجىڭدىكى

شىنجاڭلىقلارنىڭ 3- نۆۋەتلىك «تەڭرى-

تاغ لوڭقىسى»نى تالىشىش تەنھەرىكەت

يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ مۇسابىقىگە بېيجىڭدىكى ئالىي

مەكتەپ ۋە ئىدارە ئورگانلاردىن 15 كوماندا قاتنىشىدۇ. مۇسابىقە

پۇتبول، ۋاسكېتبول، ۋالىبول، چېلىشىش، خەلقارا شاھمات قاتار-

لىق تۈرلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ يىغىننىڭ مەقسىتى مىللىتى-

مىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ

تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇش. بىراق، بىز ئىقتىسادىي ئاساستا

يېتەرسىز بولغاچقا قىيىنچىلىق مەۋجۇت. شۇڭا ھەر قايسىلار-

نىڭ ياردەم قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

3- نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى

تالىشىش تەنھەرىكەت يىغىنى تەشكىللەش

ھەيئىتى.

1990- يىل 4- ئاينىڭ 18- كۈنى

18.04.1990

**MÜRACAATNAME**

Pekin'deki Milletperver Tüm Uygur Ticaret Erbabına ;

Bu yılın 29 Nisan günü Merkezi Milletler Enstitüsünde, Pekin'deki Doğu Türkistanlıların " 3.TANRIDAĞ KUPASI " Spor Musabakaları yapılacaktır.

Bu Musabakaya Pekin'deki tüm Yüksek Okul ve İdari Organlardan 10 takım katılacaktır. Musabakalar Futbol, Voleybol, Baskdtbol, Güreş ve evrensel Satranç dallarında yapılacaktır.

Bu Spor Musabakalarının Gayesi ; Milletimizin Medeniyet seviyesini yükselterek, Aziz Yurdumuzun (Doğu Türkistanımızın) gelişmesine katkıda bulunmaktır.

Ancak, bizler maddi yönden yeterli olmadığımızdan, bu konuda problemlerimiz mevcuttur.

